www.uyghurkitap.com

# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

1

2004

## دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى

## World Uygur Youth Congress

## WELTKONGRESS DER UYGURISCHEN JUGEND

## ВСЕМИРНЫЙ КОНГРЕСС УЙГУРСКОЙ МОЙОДЁЖИ

## المجلس العالمي للشباب الأويفوري

## *Dünya Uygur Gençleri Kurultayı*

## 世界维吾尔青年大会

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ۋەتەنداشلار سەمىگە:

ئەزىز قېرىنداشلىرىم، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ نەشر ئەفكارى بولغان «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ ئۇشبۇ سانى بەلكىم ھوزۇرىڭىزغا سۇنۇلغان ئاخىرقى بىر سان بولىشى مۇمكىن. ياشلار قۇرۇلتىيى بىلەن مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ ئورگان ژورنىلى ياكى گېزىتىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تەسىس قىلىنىشى ۋەجىدىن، مەزكۇر ژورنالنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش زۆرۈرىيىتىنىڭ رەت بولۇش ئېھتىمالى بار. (بۇ ئېھتىماللىق ھەم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا باغلىق.) نېملا بولمىسۇن، قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز سەمىگە ۋىدالىق سىگنالىنى يەتكۈزىشتىن ئاۋال، تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى سۇنۇش لايىق كۆرۈلدى:

1. «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» ژورنىلى 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۈركىيىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 10 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈمىد - ئىستەكلىرى، خەلقئارا ۋەزىيەت بىلىملىرى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇرلارنى دۇنياغا ۋە خەلقىمىزگە بىلدۈرۈشتە زىممىسىگە ئالغان تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى. بۇ نۇقتىدىن، ژورنىلىمىزنى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىگەن قەلەم ساھىپلىرىغا، ئۇنىڭغا خالىس ئەجىر قىلغان سەپداشلارغا، ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەملەردە بولغان زاتلارغا ھەم ئۇنى سۆيۈپ ئوقىغان مۆھتەرەم خەلقىمىزگە چەكسىز تەشەككۈر! 2. ئەلۋەتتە، تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەپلەر تۈپەيلى ژورنالنىڭ ئۆز قەرەلىدە نەشردىن چىقماسلىقى، ژورنال سۈپىتىنىڭ تەلەپكە لايىق دەرىجىگە يەتمىگەنلىكى ھەم ئاز بولمىغان سىياسى، ئىدىيۋى، ئىلمىي خاتالىق، سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغانلىقى تۈپەيلى قېرىنداشلىرىمىزدىن ئالاھىدە ئۆزرە سوراشنى ھەرگىز ئۇنۇتقىلى بولمايدۇ. 3. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا، نوقۇل تەشكىلاتلارنىڭ ئورگان ژورنىلى ياكى گېزىتىدىن باشقا، قەرەللىك نەشر قىلىنىدىغان بىتەرەپ بىر نەشر ئەفكارىنىڭ بولۇشى ئارتۇقلۇق قىلمايتى. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي قۇۋۋىتى يېتەرلىك زاتلارنىڭ شۇقەدەر كۆپ بولىشىغا قارىماي بۈگۈنگە قەدەر بۇنداق بىر ئىلمىي شەيئى يوق. بىر سان ژورنال ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ چاغلىق. ئەمما ھېچقانداق تەشكىلاتنىڭ سىياسى مەۋقەسىگە يېقىنمىغان مۇستەقىل، ئىلمىي، ئادىل بىر پىكىر مۇنبىرىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇقەدەر تۆۋەن ئەمەس. نىمە ئۈچۈن ھەممىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىدىغان بۇنداق بىر ئەركىن تەپەككۇر مەيدانىنى ھاسىل قىلالمايمىز؟ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، سەۋەبلەردىن ھاسىلات شۇكى: «ئادەم ئامىلىدا مەسىلە يوق، ئىقتىسادىي مەنبە ئاجىز». بۇ مەسىلە ھەققىدە ۋەتەنداشلىرىمىزنى چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلىش ئارتۇق سانالمايدۇ. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئىلمىي كۈچ ھەرقاچان، ھەر يەردە تەييار!

چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:

- مەسئۇل مۇھەررىر

2004.4.24

# دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك چاقىرىلدى

2002 - يىلى 8 - نويابىردىن 11 - نويابىرغىچە گېرمانىيىنىڭ مۇنخېن شەھرىدە چاقىرىلغان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بىلەن شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتلىرى كېڭەيتىلگەن بىرلەشمە يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن دۇنياغا كەلگۈسى «شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىچكى تەييارلىق ۋە خىتاينىڭ ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن تۈرلۈك شەكىللەردىكى بۇزغۇنچىلىق، توسالغۇلۇقلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش نەتىجىسىدە، 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - 17 - 18 - 19 - كۈنلىرى گېرمانىيىنىڭ مۇنخېن شەھرىدە ئىككى قۇرۇلتاينىڭ ئامېرىكا، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللىرىنىڭ ئىشتىراكىدا چاقىرىلغان بىرلەشمە يىغىندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇدقا چىقتى!

16 - نويابىر چاقىرىلغان ئېچىلىش مۇراسىمىغا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن سىرت، گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۈزلىگەن ئۇيغۇر جامائىتى ئىپتىخار بىلەن قاتناشتى. 17 - 18 - ئاپرېل كۈنلىرى، ۋەكىللەر تولۇق دېموكراتىك پرىنسىپلار ئاساسىدا مۇھاكىمە ۋە ئۆزارا قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەر ئارقىلىق، تەشكىلات نامىنى ئەسلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دىن «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» غا ئۆزگەرتتى. ئەستايىدىل كېڭەشلەر نەتىجىسىدە، يېڭى تەشكىلى بىرلىكنىڭ رەھبەرلىك باش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى ھەم سايلام ئارقىلىق ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى مۇۋاپىق نامزاتلار رەھبەرلىك يادروسىدىن ئورۇن ئالدى. 19 - ئاپرېل كۈنى ۋەكىللەر مۇنخېندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئىككى سائەت نامايىش ئېلىپ باردى.

ۋەتەن سىرتىدىكى سىياسىي مۇجادىلىنىڭ يېتەكچى ئورگانلىرى ھېساپلانغان بۇ ئىككى قۇرۇلتاينىڭ بىرلىشىشى ئاقىۋىتىدە دۇنياغا كەلگەن يېڭى تەشكىلى بىرلىك — «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» نىڭ غەلىبىلىك روياپقا چىقىشىنىڭ تارىخى ئەھمىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، مۇستەبىت خىتاينىڭ تېررورلۇق بوھتانى ۋە تۈرلۈك سۈيىقەستلەر بىلەن ئۇجۇقتۇرماقچى بولغان تەشكىلاتى — «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» يوقىلىش ئورنىغا، ئۆز ئورنىنى بىر بالداق يۈكسەلتتى. ئۆزىنىڭ ياشلىق مەۋسۇملىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى جاكالىدى ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىدىن بۈگۈنكى دۇنياۋى قۇرۇلتايغا ئايلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان سىياسى دەۋاسىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى بىردىن بىر ۋەكىلى بولۇشتەك شەرەپلىك نوپۇزغا ئېرىشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تېررورىست ئاتالغان ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى ۋە تېررورىست ئاتالغان ۋەتەنپەرۋەر ئەزىمەتلەر بۇ سەپتىن ئورۇن ئېلىپ، خىتاينىڭ شەرەپسىز قىلمىشلىرىغا ئەجەللىك جاۋاپ قايتۇردى. خىتاينىڭ بارچە رەزىل سۈيىقەستلىرى مەغلۇپ بولدى. خەلقىمىزنىڭ ئۆزۈندىن بېرىقى بىر ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى!

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كېلىچىكى پارلاق! ئىككى قۇرۇلتايدا ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن لاياقەتلىك نامزاتلار بۇ سەپكە ھاياتى كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى سىياسى كۆرەشلىرىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا خەلقئارادا تولۇق مىللى سالاھىيەت بىلەن ۋەكىللىك قىلىدىن يېتەكچى ئورگىنى دۇنياغا كەلدى. خىتاينىڭ تۈگىمەس ھىلە - نەيرەڭلىرى، سۈيىقەستلىرى ۋە خەلقئارالىق توسالغۇلۇقلىرى تۈپەيلى بەزى ھاللاردا ھەرىكەتلىرىنىڭ چەكلىمىلەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، دۇنيا جامائىتىنىڭ ھىمايىسى، ھېسداشلىقى، ياردىمى ۋە تەشكىلات خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مېھنەتلىرى، خەلقىمىزنىڭ ھەممەنپىسى نەتىجىسىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئاقىۋەت بۈيۈك غەلىبىلەرگە ساھىپ بولۇشى مۇقەررەر! ئاللاھ سىلەرگە مەدەتكار بولسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1996 - يىلى قۇرۇلغان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بىلەن 1999 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئاۋازى، ۋەتەن سىرتىدىكى سىياسىي مۇجادىلە گۇرۇھلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئورگىنى بولغان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» غەلىبىلىك قۇرۇپ چىقىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «چەتئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىككى چوڭ لاگىرى» دەپ ئاتالغان ھەم كۈنىمىزدە تېررورىستلىق بوھتانى بىلەن قارىلىنىۋاتقان بۇ تەشكىلاتلار دەل ۋاقتىدا بىر مەركەز ۋە بىر لاگىرغا جەم بولۇپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىلىرىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تىنىمسىز كۆرەش قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ مۇستەھكەم تەشكىلىي ئاساسىنى ئۇرغۇزۇپ چىقتى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى يىغىن ئېچىلىشقا تاكى بىر قانچە كۈن قالغىچە يىغىننىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى مەخپىي تۇتتى. نەتىجىدە تەييارلىق كومىتېتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن 30 نەپەر ۋەكىلنىڭ 29 نەپىرى ھەرقايسى ئەللەردىن ساق - سالامەت كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئېچىلىش ھارپىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىشلەتكەن سىياسىي بېسىملىرى ۋە تۈرلۈك دىپلوماتىك سۇيىقەستلىرى يىغىنغا توسالغۇ بولۇش تۈگۈل، ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرىدىن سىرت، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋەكىللىرى، چەتئەل مۇخبىرلىرى ۋە كۆزەتكۈچىلەر كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن گېرمانىيە بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە قوغدالدى. 16 - ئاپرېلدىكى ئېچىلىش مۇراسىمىدىن بۇرۇن، گېرمانىيە بىخەتەرلىك تارماقلىرى مۇتەخەسسىلىرى مەخسۇس ئۈسكۈنىلەر ۋە ئاپشاركىلار بىلەن يىغىن زالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىپ، تىڭشىغۇچ، بومبا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قۇرۇلتاي چاقىرىلغان زالنىڭ ئىشىكىگە، قۇرۇلتاي ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە ھەم ئەتراپىغا تولۇق قوراللانغان ساقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەتراپتا نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ساقچى ماشىنىلىرى ئۈزۈلمىدى. ھەتتا ۋەكىللەر ئىچكى مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان يىغىن زالىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا مەخسۇس پوست قويۇلدى. 24 سائەت قاراۋۇللۇق قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا 20 دىن ئارتۇق خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى سۆزگە چىقىپ، بۇ قېتىمقى يىغىنغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يۇقىرى باھا بەردى. ئېچىلىش مۇراسىمى ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ھەم شەرقىي تۈركستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ھۆججەتلىك فىلىم يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلدى. قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسى قانۇن لايىھىسى ماقۇللاندى.

قۇرۇلتاي نىزامنامىسىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەقسىدى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«قۇرۇلتىيىمىز ـ شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش، دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ۋە شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.»

نىزامنامىدە قۇرۇلتاينىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن:

«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ـ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن بىر تولۇق ھوقۇقلۇق ئالىي ئورگىنى.»

قۇرۇلتاي نىزامنامىسىدا تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك پرىنسىپ بېكىتىلگەن:

1 . شەرقىي تۈركستان مىللىي دەۋاسىنى ئېلىپ بېرىشتا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئومۇمىي باياننامىسى ۋە ئۇنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، دىنىي، مەدەنىي ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرتنامىلىرىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىدۇ.

2 . مەيلى قايسى ئېرىق، قايسى دىن، قايسى تىلغا تەۋە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، شەرقىي تۈركستان تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان پۈتۈن خەلقلەرنىڭ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ھەسسە قوشىدۇ.

3 . دىنىي سىياسەتتىن ئايرىغان، كۆپ پارتىيىلىك، دېموكراتىيىلىك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ھەرقانداق ھاكىممۇتلەق سىياسەتنى رەت قىلىدۇ.

4 . ئۆز مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېررورىزىمنى ۋاستە قىلىشنى تامامەن رەت قىلىدۇ ۋە پائالىيەتلىرىنى تېنچلىق يوللىرى بىلەن ئېلىپ بارىدۇ.

قۇرۇلتاي نىزامنامىسى ماقۇللىنىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەسمى قۇرۇلغانلىقى جاكالانغاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بىلەن شەرقىي تۈركستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە بۇ قارارنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن ئىككى قۇرۇلتايغا ۋەكالەتەن ياشلار قۇرۇلتىيى رەئىسى مەمەت توختى بىلەن مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان ئىمزا ئېتىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزدى.

**ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانى قۇرۇلتاي ھارپىسىدا نەشىردىن چىقىپ، باسمىغا بېرىلىش ئالدىدا ئىدى. قۇرۇلتاي مۇناسىۋىتى بىلەن ھەم ئاخىرقى بىر سان بولۇش سۈپىتى بىلەن كېچىكتۈرۈلۈپ، قۇرۇلتاي خەۋىرى قىسمەن كىرگۈزۈلدى. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدىكى ماس كەلمەسلىكلەرنى يۇقارقى سەۋەپلەردىن كۆرۈپ ئەپۇ قىلارسىلەر.)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ تىزىملىكى

(ئىزاھات: ئۇشبۇ تىزىملىك قۇرۇلتاي مەركىزى ئاپپاراتىدىكى سايلام ئارقىلىق بەلگىلەنگەن رەھبىرى خادىملارنىڭ ئىسىملىكىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، قۇرۇلتاي باش ئاپپاراتى ئومۇمى قۇرۇلمىسىدىن ئورۇن ئالغان شەخسىلەرنىڭ تولۇق ئىسمى ئەمەس. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئاپپاراتى دائىرىسىدىكى ھەرقايسى ئورگانلار تەركىۋىدە يەنە ئىجرائات ئىشلىرىغا مەسئۇل مەخسۇس بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.)

قۇرۇلتاي رەئىسى: **ئەركىن ئالپتېكىن.** مۇئاۋىن رەئىس: **مەمەت توختى**

باش كاتىپ: **دولقۇن ئەيسا**

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: **پەرھات مۇھەممىدى، نۇرى تۈركەل، ئەركىن ئەمەت، ئابدۇرېشت تۇردى.**

ئىجرائىيە ھەيئىتى رەئىسى: **ئالىم سېيىت.** مۇئاۋىن رەئىس: **ئەسقەرجان**

باش تەپتىش: **كۆرەش كۆسەن**

فوندى رەئىسى: **ئابلىكىم ئابدۇلكەرىم**

ئىنفورماتسىيۇن ـ تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى: **ئەركىن ئەكرەم**

ياشلار كومىتېتى مۇدىرى: **ئابدۇلھاكىم ئابدۇلكارىم**

ئاياللار كومىتېتى مۇدىرى: **رىسالەت ئارپوۋا**

ئىچكى ئىشلار بۆلۈمى مۇدىرى: **ئابلىمىت تۇرسۇن**

باياناتچىلار: **دىلشات رېشىت، نۇرى تۈركەل**

ۋەكالەتچىلەر: **قەھرىمان غوجامبەردى، روزىمەمەت ئابدۇلباقىيېۋ، سېيىت تۇمتۇرك**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خىتاينىڭ باياناتى ـ ئۇيغۇر دېموكراتىك ھەرىكىتىنى يوقىتىشنى مەقسەد قىلغان

**مەمەت توختى**
(دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى)

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياشلار قۇرۇلتىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى 11 نەپەر سىياسى پائالىيەتچىنى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش تېررورىست تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ ئېلان قىلغان باياناتىغا قاتتىق رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە، ھېچ بىر ئاساسى بولمىغان بۇ تۆھمەتنى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۆت ئۇيغۇر تەشكىلاتى ۋە 11 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق سىياسى پائالىيەتچى ھەققىدە ئېلان قىلغان بۇ باياناتى تامامەن ئالدامچىلىق، ئىغۋاگەرچىلىك ۋە ساختىكارلىق ئاساسىدا تەييارلانغان بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا داۋاملىشىۋاتقان خەلقئارا تېررورىزىمغا قارشى ئېقىمدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تېنچلىق ئاساسىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن خەلقئارا جامائەتنىڭ كۈنسىرى قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىۋاتقان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانى ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانۇنىي يوللاردىن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر دېموكراتىك ھەرىكىتىنى تۇنجۇقتۇرۇشنى ئاساسى مەقسەد قىلغان.

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى 1996 - يىلى 9 - 12 - نويابىر كۈنلىرى 19 دۆلەتتىن كەلگەن 51 ۋەكىلنىڭ ئىشتىراكى بىلەن 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى گېرمانىيىنىڭ مۈنخېن شەھرىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈپ، گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ قانۇنىي ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باسقۇنچىلىقىغا قارشى ئەڭ تەشكىللىك، جەڭگىۋار كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان دېموكراتىك بىر تەشكىلات. ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ، ياۋرۇپا بىرلىكىنىڭ ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا، ئۆز نىزامنامىسىدا قوبۇل قىلغان تېنچلىق، دېموكراتىك يوللاردىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك يۈكسەك غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇنەۋۋەر قوشۇن.

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى تۇنجى قۇرۇلتىيىدىن باشلاپلا، كەلگۈسى مۇقەددەس نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھەرخىل شەكىلدىكى زوراۋانلىقنى پۈتۈنلەي رەت قىلغان ۋە تېنچلىق، دېموكراتىيە ئاساسىدىكى سىياسى كۈرەش يولىنى تاللىغان بولۇپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئۇنىۋېرسال باياننامىسى، ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى، ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ساھىپخان دۆلەتنىڭ ئاساسى قونۇن - نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارە جاكالىغان

(داۋامى 8 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «تېررورىست» ئەيىپلىمىسىگە رەددىيە

**دولقۇن ئەيسا**
(دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى)

خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى 2003 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۆت ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى ۋە 11 شەخسنى تېررورىست لىستىسىگە كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ لىستىنىڭ ئىچىدە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ھەم مەن – دولقۇن ئەيساغىمۇ «تېررورىست» دەپ بوھتان چاپلانغان. مەن ئالدى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەيىپلىمىسىنى قەتئىي رەت قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مېنىڭ سىياسىي ھاياتىم ئالىي مەكتەپتە باشلانغان. مەن 1984 - يىلى «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1985 - يىلى 12 - ئايدىكى تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار نامايىشىغا قاتناشقان. 1987 - يىلى 12 - ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە «ستۇدېنتلار پەن - مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى يويۇش، مەدەنىي ئاقارتىش كۇرسلىرىنى ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بۇ پائالىيەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنى بىئارام قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇيۇشمىنى تاقىۋەتكەن. 1988 - يىلى 6 - ئايدا، «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىدا «مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىلىشى» تەشكىللىگەن ۋە ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئوقۇغۇچىلار نامايىشى ئېلىپ بارغان. بۇ سەۋەپلىك ئۈچ ئاي قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ، مەكتەپتىن ھەيدەلگەن.

1996 - يىلى گېرمانىيەدە يەنە سەپداشلىرىم بىلەن بىرگە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى قۇردۇق.

ۋەتەن ئىچىدە ئاساسەن مەدەنىي ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. ۋەتەن سىرتىدا شەرقىي تۈركستان مەسىلىسىنى دېموكراتىك يوللار بىلەن دۇنياغا ئاڭلىتىپ كېلىۋاتىمەن. پائالىيەت شەكلىم: يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، دوكلاد يوللاش، كونفىرانس بېرىش شەكلىدە داۋام قىلدى. مېنىڭ سىياسىي پائالىيەت جەريانىدىكى ھەمكارلاشقۇچىلىرىم: «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»، «ئۇنپو» ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىدۇر. مېنىڭ قورالىم: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ، ئۆزۈم ياشاۋاتقان گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ قانۇن ، بەلگىلىمىلىرى. بۇ يەردە خىتاينى ئەڭ راھەتسىز قىلغىنى؛ ۋەتەن ئىچىدىن سىياسىي پائالىيەتلىرىتۆپەيلى ھەرخىل يوللار بىلەن چەتئەلگە قېچىپ چىققان

ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە UNHCR غا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم بولسا كېرەك. زۇلۇمدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ پاناھلىق تىلىشلىرىغا ھەمكارلىشىش مېنىڭ تەشكىلىي، مىللىي ۋەزىپەملا ئەمەس، ھەم ئىنسانىي ۋەزىپەم.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ۋەتەن ئىچىدىكى چېغىمدا ئاقارتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى نامايىشقا يېتەكلىگەنلىكىم ئۈچۈن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان، قاتتىق سوراققا تارتىلغان ۋە مەكتەپتىن قوغلانغان. دېمەك، 18 يېشىمدىن باشلاپ دۆلەت تېررورىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇرمەن. خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنى دەسمى قىلىپ دۇنيا دۆلەتلىرىگە 11 ئۇيغۇرنى تېررورىست دەپ قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىششى ھەم ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىشى ماڭا ۋە خەلقىمگە سېلىنىۋاتقان تېررورىستچە بىر تەھدىت. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدى مېنىڭ چەتئەلدىكى دېموكراتىك پائالىيەتلىرىمگە ۋە ھاياتىمغا تەھدىت سالماقتا.

ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرى تەرىپىدىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتايغا قارشى بىر قاتار قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى رېئاللىق. ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر مەلۇم بىر تەشكىلات تەرىپىدىن پىلانلانغان ھەرىكەت بولماستىن، ئۆزلىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى خىتاي تەرىپىدىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىش خاراكتېرىدە ئېلىپ بارغان ئىندىۋىدۇئال ھەرىكەتلەر. شۇڭا ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بۈگۈنگە قەدەر بىرەر ئۇيغۇر تەشكىلاتى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنى يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمنى توختاتمىسا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز ۋە ئاخپارات ئەركىنلىكى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى داۋاملىق يوق قىلسا، يەنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆز سىياسىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەشنىڭ قانۇنىي يوللىرىنى تاپالمىسا، تەبىئىي ھالدا ئۆز ئىرادىسىنى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى باياناتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئۇيغۇرلارغا تەھدىت سېلىش، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداش يولىدىن تېخىچىلا ۋاز كەچمەيۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق بىر پاكىتى. چۈنكى دوكلاتتا دېيىلگەن قوراللىق ۋەقەلەرنىڭ سانى، كۆلىمى، كەلتۈرگەن زىيىنى، تەشكىلى بېغى ھەققىدىكى مەلۇماتلار رېئاللىقتىن كۆپ ئۇزاق. بۇلار پەقەت خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ۋەھشى قىيىن ـ قىستاقلىرى، ئەخلاقسىز ۋە ئىقتىدارسىز ئىستىقپارات ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت كۆرسىتىش (مۇكاپات ئېلىش) قىزغىنلىقى بىلەن ياساپ چىقىلغان پاكىتلار. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ مىساللا يېتەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلاپ بېرەلەيدۇ: بىرى، خىتاي دوكلاتىدا «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقى» دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى قولى، دەپ ئېلان قىلىنغان. چەتئەلدە مۇنداق بىر تەشكىلات بولۇپ باققان ئەمەس. (ياشلار قۇرۇلتىيى تەركىۋىدە «بېلگىيە ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى»، «قازاقىستان

ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىكى» قاتارلىق تەشكىلاتلار بار). ئىككىنچىسى، خىتاي يەنە 1993 ـ يىلى قەشقەردە، 1995 ـ يىلى خوتەندە يۈز بەرگەن خىتايغا قارشى ۋەقەلەردە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ قولى بار، دېگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يىللاردا دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى تېخى قۇرۇلمىغان. بۇ يەردە خىتاي ساقتا پاكىت ياسايمەن، دەپ بەكلا چاندۇرۇپ قويغان. ئۈچىنچى، مېنى «مۇھەممەت ۋۇپۇر» ئىسىملىك بىرسىنى ئافغانىستان، ئۆزبېكىستان چېگرىسىغا تەربىيىگە ئەۋەتكەن، كېيىن گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ ئەكەلگەن، دېگەن. گېرمانىيىدە مۇنداق بىر ئۇيغۇر يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلاردا «ۋۇپۇر» دەپ ئىسىممۇ يوق.

خىتاي ھازىرغىچە ئۆزىگە قارشى بولۇپ كەلگەن پۈتۈن ھەرىكەتلەرنى خاراكتېرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر «بۆلگۈنچىلىك»، «فوندامېنتالىستلىق» ھەرىكەت دەپ قارىلاپ كەلدى. ئۆكتىچى كۈچلەرنى «ئەكسىل ئىنقىلابچى»، «بۇزۇق ئۇنسۇر»، «مىللىي بۆلگۈنچى»، «قونۇنسىز دىنىي ئۇنسۇر» دېگەندەك بەدناملاردا ئاتاپ كەلدى. شۇڭا بۈگۈن چەتئەلدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىدىن ئونبىرىمىزنى «تېررورىست» ئاتىشىغا ھەيران قالمايمەن. چۈنكى خىتايدا ساغلام سىياسىي ئۆكتىچىلىك دېگەن بىر ئۇقۇم يوق. خىتاينىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق ئۆكتىچى بىر پىكىر ۋە ھەرىكەت «تېررورىست» ھەرىكەت. خىتاي بۇندىن تېخى 15 يىل ئىلگىرىلا دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان ئون مىڭلىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنى دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا، بىر كېچىدە تانكىلارنىڭ ئاستىدا ئېزىپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. دۇنيا تارىخىدا تېخى مۇنداق بىر تېررور بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. مەن پەقەت دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاينىڭ دۇنيادا داۋام قىلىۋاتقان خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى كۆرەش ئېقىمىنى سۇيىئىستىمال قىلىشىغا يول قويماسلىققا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دېموكراتىك ھەم قانۇنىي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان تىنچلىق پائالىيەتلىرىنى مۇداپىيە قىلىشقا چاقىرىمەن.

---

(بېشى 5 ـ بەتتە)

ۋە بارلىق سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ پىرىنسىپى قىلىپ كەلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا قارىماي مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىرىلغان 1998 ـ يىلىدىكى ئەنقەرە قۇرۇلتىيى، 2000 ـ يىلىدىكى تالىن قۇرۇلتىيىدىمۇ ئوخشاش پىرىنسىپ تەستىقلانغان ۋە ئىجرا قىلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تارىخى رېئاللىقلارغا كۆز يۇمۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دېموكراتىك ھەرىكىتىنى بىر يولى ئۇجۇقتۇرۇش سۇيقەستى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ ھەم ئۇ ئادالەت دۇنياسىنىڭ نەپرىتىگە مەھكۇم.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈنسېرى چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، دۇنيا جامائىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچلۈك ھېمايىسىگە مۇيەسسەر بولىۋاتقان ۋە بۇ سەۋەپتىن خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ يۈرىكىگە قادالغان خەنجەر، كۆزىگە تىقىلغان مىقىقا ئايلىنىۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئەسلا خىتاي پەيدا قىلغان بۇ قارا بورانىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى يوقاتمايدۇ، ئەكسىچە مۇقەددەس غايىسى يولىدىكى كۆرەشلىرىنى تېخىمۇ قەتئىي ۋە يۈكسەك ئىرادە بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ توسالغۇسى كۆرەش مۇساپىمىزدە بىز دۇچ كېلىدىغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى توسالغۇ ئەمەس. ئەمما ئاخىرقى غەلىبە ھامان بىزگە مەنسۇپ!

www.uyghurkitap.com



خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «تېررورىست» باياناتى مۇناسىۋىتى بىلەن

# ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندىنى زىيارەت

سوئال: 2003 - يىلى 15 - دېكابىر خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان باياناتتا «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» تېررورىستىك تەشكىلات، دەپ ئەيىپلەندى. ۋەكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تەشكىلاتىڭىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى بىلدۈرۈپ باقسىڭىز؟

جاۋاپ: ياش — كېلىچەك دېمەكتۇر. ياشلاردىن تەشكىل تاپقان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى — شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كېلىچىكى، بايراقتارى ۋە بۇ مۇقەددەس دەۋانىڭ ئەبەدىلەشتۈرۈلىشى، دېمەكتۇر. خىتايلارنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنى تېررورىستىك تەشكىلات، دەپ ئېلان قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئەبەدىلەشتۈرۈلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

سوئال: ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن ئىزچىل قويۇق ئالاقىدا بولۇپ كەلدىڭىز. دولقۇن ئەيسا ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسىسىز. خىتاينىڭ دولقۇن ئەيسا ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنى تېررورىست ئېلان قىلىشى، مەنتىقى جەھەتتىن «ئۇنىڭ كەينىدە ئەركىن ئالىپتېكىنمۇ بار» دېگەن بىشارەتنى بىلدۈرىدۇ. گويا ۋەكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىمۇ ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى. بۇ مەسىلىگە قانداق ئىزاھات بېرىشنى خالايسىز؟

جاۋاپ: ئەسلىدە ماختىنىش ۋە ماختاشقا قارشىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسا توغرۇلۇق بىر - ئىككى ئېغىز چۈشەنچەمنى بېرىپ ئۆتەي: مەن دولقۇن ئەيسانىڭ نامىنى، ئۇ تېخى شەرقىي تۈركىستاندىكى چېغىدىلا ئاڭلىغان. دولقۇن ئەيسا 1988 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى ئۇيۇشتۇرۇلغان نامايىشلارنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى يېتەكچىلىرىدىن بىرى. شۇ قەدەر ئېغىر بېسىم ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا 10 - 15 مىڭ ئوقۇغۇچىنى يېتەكلەپ نامايىش قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ ھال دولقۇن ئەيسادا لىدەرلىك قابىلىيتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەن دولقۇن ئەيسا بىلەن گېرمانىيەدە تونۇشۇش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم. مەن بىلگەن دولقۇن ئەيسا: ناھايىتى مەرت، كەمتەر، ھۆرمەتكار، مەرھەمەتلىك، ۋاپادار، جاپاكار، قابىلىيەتلىك، تېرىشچان ۋە ناتىق بىر ئىنسان. ئۇنىڭدا شۆھرەتپەرەسلىك، مەنسەپپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىككە ئوخشاش بەزى سەلبىي ئارزۇ - ھەۋەس تەسىرلىرى يوق. ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىشىمۇ، ئۇنىڭ شان - شۆھرەت، مەنسەپ ئارقىدىن چېپىپ يۈرمىگەنلىكىنىڭ بىر مىسالى. ھازىر ھېچ بىر رەسمىي ئەمەلى بولمىسىمۇ، يەنىلا ھەرقايسى دۆلەتلەردە بېشىغا كۈن چۈشكەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا قولىدىن كەلگەن ياردەملىرىنى ئاتاشقا تېرىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋىژدانى قەرزىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن مەنسەپ كېرەك ئەمەس. دولقۇن

ئەيسا فىزىك، يەنى «پوزىتىف» ئىلىم ئوقىغان كىشى بولغاچ ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، مەنتىق ۋە ئاڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆگىنىشكە ناھايىتى ھەۋەسكار. مەسىلەن: گېرمانىيىدە كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىكىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تاماملىدى. ئەنگلىيىدە ئالتە ئاي ئۆگىنىپ، ئىنگلىز تىلىنى راۋانلاشتۇردى. بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئىچىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان كۇرسلارغا قاتنىشىپ، تېخىمۇ تەسىرلىك لوبى قىلىش ھۈنەرلىرىنى ئۆگەندى. دۇنيا ياشلار ھەرىكىتى تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تۈرلۈك يىغىلىشلاردىكى سېمىنار، سىمپوزىيۇم ۋە كۇرسلارغا ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئاراغا تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ يار ـ يۆلەكچىگە ئىگە بولۇش ۋە تەدبىر ـ چارە ئالدۇرۇش يوللىرىنى ئۆگەندى. خىتايلارنىڭ دولقۇن ئەيسانى تېررورىست ئېلان قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ بۇ. «مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىدۇ» دېگەن ماقال بار. ئەمما خىتايلارنىڭ بۇ تەشۋىقاتىغا ھېچكىم ئىشەنمىدى ۋە ئىشەنمەيدۇ. دۇنيا جامائەتچىلىكى دولقۇن ئەيسانىڭ ئۆز دەۋاسىنى قانۇنىي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

**سوئال:** گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە سىز مۇناسىۋەتتە بولىۋاتقان خەلقئارا تەشكىلاتلار، شەخسلەرنىڭ خىتاي ئېلان قىلغان بۇ باياناتقا بولغان نۇقتىئىنەزىرى قانداق؟ دولقۇن ئەيسا باشلىق «تېررورىستلار» نىڭ كېلىچەك تەقدىرىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىسىز؟

**جاۋاپ:** دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى STMK, STIM, ASTB كەبى تەشكىلاتلارغا ئوخشاش، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تىزىمغا ئېلىنغان تەشكىلاتتۇر. پائالىيەتلىرىنىمۇ گېرمانىيەنىڭ ئاساسىي قانۇنى، مەدەنىيەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر قانۇنىغا ئاساسلانغان ھالدا ئېلىپ بارماقتا. گېرمانىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇ تەشكىلاتلارنىڭ يۇقارقى قانۇنلار رامكىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا خىتاينىڭ بۇ تەشكىلاتلارغا قارشى يۈرگۈزىۋاتقان تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى گېرمانىيە خىتاي دۆلىتىگە ئوخشاش دىكتاتورلۇق دۆلەت ئەمەس، بەلكى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي دېكلاراتسىيىسىدە قەيت قىلىنغان پۈتۈن پرىنسىپلارغا، ئىنسان ھوقۇقىغا ۋە قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان بىر دۆلەتتۇر.

بىزدە «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەن ماقال بار. كىمنىڭ نىمە دېيىشىدىن قەتئىي نەزەر، دولقۇن ئەيساغا ئوخشاش ياشلار ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە تونىغان ئىمكانلىرىدىن پايدىلىنىپ، قانۇن رامكىسى ئىچىدە ۋىژدانىي قەرزىنى ئادا قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ.

**سوئال: سىزنىڭچە، خىتاينىڭ ئۇشبۇ باياناتنى ئېلان قىلىشىدىكى غەرىزى نىمە؟**

**جاۋاپ:** خىتاينىڭ قورقۇنجىسى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تىبەت دەۋاسىغا ئوخشاش خەلقئارا مەسىلە ھالىغا ئايلىنىپ قېلىشىدۇر. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ بىر خەلقئارا دەۋاغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي ھەر تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرگە مۇراجىئەت قىلماقتا. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئاللاقاچان خەلقئارا دەۋاغا ئايلىنىپ بولدى. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. «ھەق ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ». دۇنيا جامائەتچىلىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھەقلىق بىر دەۋا ئەكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيىتىگە نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە زور تۆھپىلەر قوشقان ئۇيغۇرلارنىڭ «تېررورىست» بولىشىمۇ زادى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى تېررورىست قىلمەن، دەپ سەرپ قىلىۋاتقان مىليونلارچە دوللارنى بۈگۈن ئاچ، يالىڭاچ ۋە بىئىلاج ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسا، تېخىمۇ پايدىلىق ئىش قىلغان بولار ئىدى.

**سوئال: بىرلەشمە قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن 2002 ـ يىلى 8 ـ نويابىردىن 11 ـ نويابىرغىچە گېرمانىيىدە چاقىرىلغان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بىلەن شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىندا ئېلىنغان قارارنى يەنىلا كۆچكە ئىگە دەپ قارامسىز؟ ئىككى قۇرۇلتاينىڭ بىرلىشىشىگە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تېررورىستىك تەشكىلات ئاتىلىپ قېلىشى توسالغۇ بولامدۇ ـ قانداق؟**

**جاۋاپ:** سالامەتلىك ئەھۋالىم يار بەرمىگەنلىكى تۈپەيلى، بىرلەشمە قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بەردىم. بىلىشىمچە بىرلەشمە قۇرۇلتاي چاقىرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى يۈرۈشىۋاتىدۇ. بۇ خۇسۇستىكى سوئاللارنى ئىككى قۇرۇلتاي رەئىسلىرىدىن سورىغىز بولىدۇ.

**سوئال: خىتاي بىلەن قويۇق سىياسى، ئىقتىسادى ئالاقىدا بولىۋاتقان گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆز مىللىي مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرىۋېتىش ئېھتىمالى بارمۇ؟**

**جاۋاپ:** يۇقىرىدا ئىپادە قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، گېرمانىيە دۇنيانىڭ ئەڭ تەرەققى قىلغان دېموكراتىك دۆلەتلىرىدىن بىرى. گېرمانىيە تىجارى مەقسەدلەرنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، قانۇنلار رامكىسىدا پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان ھەرقانداق بىر تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەيدۇ ۋە چەكلىيەلمەيدۇ. باشقا بىر دۆلەتنىڭ بېسىمى بىلەنمۇ بۇنى ھەرگىز قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ. قىلغان تەقدىردە، گېرمانىيە ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى ئابرويىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

**سوئال: شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېنچ، دېموكراتىك كۈرەش ئۇسۇلى بىلەن قانات يايدۇرۇش پىكرىنى ھەر قېتىمقى مىللىي يىغىلىشلىرىمىزدا تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىسىز. تەشكىلاتلىرىمىز ئىزچىل مۇشۇ ئېقىمدا مۇجادىلىسىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ياشلار قۇرۇلتىيىمۇ شۇ جۈملىدىن. شۇنداق بولىشىغا قارىماي تېررورىستىك تەشكىلات، دەپ قارىلاندى. بۇ، خىتاي مۇستەبىتلىرى نەزىرىدە سىياسى مۇجادىلىنىڭ قوراللىق مۇجادىلىگە ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. سىياسى مۇجادىلىنىڭ ئاخىرقى غايىسى ۋە نەتىجىسى سىزنىڭچە قانداق؟**

**جاۋاپ:** ئەگەر ئۇيغۇر ياشلىرى بىر مەپكۇرە ئەتراپىدا بىرلىشەلىسە، پروفېسسىونال بىر كادرو تەشكىل قىلالىسا، بىر پىلان، پروگراما ۋە دىسىپلىن ئىچىدە ئىشلىيەلىسە، رېئالىستىك بىر سىياسەت بەلگۈلىيەلىسە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارا ھوقۇققا تاياندۇرالىسا، ئۆزى تۇرغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلمىسا، ئىمانىنى كامىللاشتۇرالىسا ۋە ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى شان ـ شۆھرەت، مەنسەپكە ئوخشاش كېسەللىكلەردىن قۇتۇلدۇرالىسا شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسىنىڭ كېلەچىكى ناھايىتى پارلاق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنى زىيارەت

**سوئال: 2003 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر خىتاي ج خ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان باياناتقا قانداق قارايسىز؟**

جاۋاپ: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تۆھمىتىنى شىددەت بىلەن رەت قىلىمەن. بىزنىڭ مەقسىدىمىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، دېموكراتىيىسى، ئىنسانى ھەقلىرى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بىز بۇ مەقسىدىمىزگە يېتىش ئۈچۈن ھېچ بىر ۋاقىت تېررورنى ياكى شىددەتنى ۋاستە قىلىش تەشەببۇسىدا بولمىدۇق ۋە قىلمايمىز. بىز پائالىيەتلىرىمىزنى دېموكراتىك پرىنسىپلار ئاساسىدا تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بىزنىڭ قورالىمىز: ب د ت، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى، نىزامنامىلىرى ۋە گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ قانۇنلىرىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمەنكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن دېموكراتىيە ئۇقۇمى بىلەن تېررور ئۇقۇمى ئوخشاش مەزمۇنغا ئىگە. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئۆزىگە قارشى ھەرقانداق بىر دېموكراتىك ھەرىكەت ئوخشاشلا تېررور كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ.

**سوئال: سىز باياناتتا ئېلان قىلىنغان 11 تېرروررىستنىڭ بىرى. قاچاندىن بىرى تېرروررىستلىق يولىنى تاللىۋالغان ئىدىڭىز؟ سىزنى بۇ يولنى تاللاشقا مەجبۇر قىلغان نىمە؟**

جاۋاپ: خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن دېموكراتىيە بىلەن تېررور ئۇقۇمىنىڭ پەرقى بولمىغاچ، مېنىڭ 1988 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان دېموكراتىك شەكىلدىكى نامايىشلىرىمىزمۇ خىتايلار ئۈچۈن تېرروررىستىك ھەرىكەتتۇر. دېمەك، خىتاينىڭ نەزىرىدە مەن 1987 ـ يىلدىن تارتىپلا تېرروررىست بولۇشقا باشلىغان. مېنى بۇ يولنى تاللاشقا مەجبۇر قىلغان ئامىل ئەلۋەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان شەپقەتسىز زۇلمى، ئۇيغۇر خەلقىگە ئەڭ ئەقەللى ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلارنىمۇ راۋا كۆرمىگەنلىكى.

**سوئال: ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ئەڭ جەڭگىۋار بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ دېموكراتىك بىر تەشكىلات ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ھەرقانداق بىر پائالىيەتنىڭ ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك يادروسىدىكىلەرنىڭ مۇھاكىمە ۋە تەستىقىدىن ئۆتىدىغانلىقى مەلۇم. ئەمما خىتاينىڭ باياناتىدا ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ ھېچ بىرى تونۇمايدىغان شەخسلەر بىلەن ئالاقىدا بولۇپ، تېررور جىنايەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭىز تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەسىلىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟**

جاۋاپ: خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان

www.uyghurkitap.com



كىشىلەر ۋە ھەرىكەتلەرگە باغلاپ قارىلاشقا ئۇرۇنۇپتۇ. 1987 ـ 1988 ـ يىللاردىكى سىياسى ۋە مەدەنى ئاقارتىش پائالىيەتلىرىمنىمۇ «ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق، جىنايەت گورۇپپىسى تەشكىللەش پائالىيەتلىرى» دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشىپتۇ. خىتاينىڭ بۇنداق بۆھتانلارنى توقۇشى مېنىڭ ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئەمەس. خىتايلار مېنى 1997 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئوغۇرلۇق قىلغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، جىنايەت گورۇپپىسى تەشكىللىگەن، دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا ــ ئىنتېرپولغا شىكايەت قىلىپ، ئۈستۈمدىن خەلقئارالىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئىدى. بۇ ئويۇنى ئاقمىغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم ئىككىنچى سىنارىيىنى پىلانلاپ، مېنى يوقىتىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولغان. مېنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىمنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ھېچ بولمىسا، مېنىڭ كىملىكىمنى 1987 ــ 1988 ــ يىللىرى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقىغان نەچچە ئون مىڭ ئوقۇغۇچى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. خىتاينىڭ ھېچ تەپ تارتماستىن توقىغان بۇ تۆھمەتلىرى كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدۇ.

**سوئال: سىزغۇ خىتاينىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ بىر تالاي «تېررورىستىك» ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ بوگونكى قالپاققا ئېرىشىپسىز. پۈتۈن تەشۋىقات، كونفرانس، نامايىش ۋە باشقا سىياسى پائالىيەتلىرىنى ب د ت دا، ياۋرۇپانىڭ سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائى سورۇنلىرىدا ئاشكارە ئېلىپ بارغان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تېررورىستىك تەشكىلات ئاتىلىپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان ئامىل نېمە؟**

**جاۋاپ:** دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاينىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن تېز تەرەققى قىلىپ، جەڭگىۋار بىر ياشلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى پىداكار، بىلىملىك، ئۆزۈل ـ كېسىل ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىيەتچىلىك روھىغا ئىگە بولغان يارامىلىق ئىقتىساس ئىگىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، خەلقئارادا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ كۆزىگە قادالغان مىق، يۈرىكىگە سانجىلغان خەنجەرگە ئايلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كېلەچىكى ۋە ئۈزلۈكسىزلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ خىتايىنى قاتتىق ئەندىشىگە رام قىلغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

**سوئال: خىتاي ھۆكۈمىتى باياناتىدا، سىزنى «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» ۋە «خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى» گە باغلاپ ئەيىپلىگەن. ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرى بولسا بۇ تەشكىلاتلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى تىلغا ئېلىۋاتىدۇ. بۇ قانداق مەسىلە؟**

**جاۋاپ:** خىتاي ھۆكۈمىتى باياناتىدا، مېنى «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، دەپ كۆرسەتكەن. تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى، قاچان بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇشقا قاتناشقانلىقىم ۋە قاچان مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلانغانلىقىمدىن ئۆزۈمنىڭمۇ خەۋىرى يوق. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باشلىقى، مەشھۇر يازغۇچى مەمتىمىن ھەززەت ئەپەندىنى مەن ياخشى تونۇيمەن. مەنلا ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى تونۇيدۇ. مەمتىمىن ھەززەت تۈركىيىگە چىققاندىن كېيىن، تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا خىتاينىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاچىدىغان نۇرغۇنلىغان ماقالىلارنى يازغان. بۇ خىتاينىڭ قاتتىق جېنىغا تەككەن. مەن بىلىدىغان مەمتىمىن ھەززەت ھېچ قاچان تېررورىست ئەمەس. خىتاينىڭ مەمتىمىن ھەززەتنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»نى تېررور بىلەن قارىلىشى تامامەن بوھتان.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە مېنى «خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى»نىڭ كاتتىۋېشى، دەپ كۆرسەتكەن. مەن چەتئەلگە چىقىپ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغىنىمدىن ھازىرغا قەدەر، بۇنداق تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باققىنىم يوق. دېمەك، خىتاي مېنى تېررورىست قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ھىلە - نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشقان. ئۆزى خالىغانچە تەشكىلات ئويدۇرۇپ چىقىپ ۋە بۇ تەشكىلاتلارغا بىر قاتار جىنايەتلەرنى ئارتىپ، ئارقىدىن مېنى بۇ تەشكىلاتلارغا باشلىق قىلىپ كۆرسىتىشتەك بىمەنە سىنارىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.

**سوئال: خىتاي ھۆكۈمىتى 2004 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېلان قىلغان ماتېرىيالدا، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى نېپالدا تېررورىستىك تەشكىلاتنىڭ بازىسىنى قۇرماقچى بولغان، دېگەن. نىمە ئۈچۈن بۇ بازا نېپالغا قۇرۇلماقچى بولغان؟ نېپال مەسىلىسى ھەققىدە ئىزاھات بەرسىڭىز.**

جاۋاپ: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مېنىڭ ۋە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئۈستىدىن ئېلان قىلغان تېررورىستىك سەپسەتىسى خەلقئارادا تازا بازار تاپالماي قالدى. ئەكسىنچە، خەلقئارا تەشكىلاتلار خىتاينىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە قارشى قاتتىق رەددىيەلەر ئېلان قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ تېخىمۇ رەسۋا بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم يالغاندىن پاكىتلار ئويدۇرۇشقا كىرىشكەن. دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ نېپالدا نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ب د ت مۇھاجىرلار يۇكسەك كومىسارلىقى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ياشلار قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ ئۆلۈم تەھدىتىدىن قېچىپ، نېپالغا ھاياتىنى قوغداپ قېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن چىققان ئۇيغۇر موھاجىرلىرىغا خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىنسانىي ياردەملەر قىلدى. ب د ت ۋە كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەگەر بىرسى نېپالدا تېررورىستىك تەشكىلاتنىڭ بازىسىنى قۇرغان، دېيىلسە، بۇ دەل خىتاي ھۆكۈمىتىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نېپالدىكى «ماۋچىلار» يەنى ماۋزېدۇڭ پەرەسلەر دەپ ئاتالغان كۈچلەرنى قورال - ياراق ۋە ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەپ، نېپال ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نېپال دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئامانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ كەلمەكتە.

؟

**سوئال: خىتاي ھۆكۈمىتى سىزنى 1997 - يىلى تۆرلۈك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىپلەپ خەلقئارالىق تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، بۇنىڭ قانداق زەرەرلىرىگە يولۇقتىڭىز؟ بۇ قېتىمقى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**تېررورىستىك بوھتانى سىزگە يەنە قانداق ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟**

**جاۋاپ:** خىتاي ھۆكۈمىتى مەندىن خېلى بۇرۇنلا بىزار بولۇشقا باشلىغان ۋە يوقىتىشىنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمدەك، خىتايلار مېنى ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق ۋە باشقا جىنايەتلەر بىلەن ئەيىپلەپ، 1997 - يىلى خەلقئارا ساقچىدا قىزىل بۇلتەنلىك تۇتۇش بۇيرۇقى ئېلان قىلغان ئىدى. 1999 - يىلى 12 - ئايدا، يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكىغا بېرىشقا توغرا كېلىپ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا ۋىزا ئۈچۈن كىرگىنىمدە، ئامېرىكا كونسۇلخانا ساقچىلىرى مېنى تۇتۇپ، گېرمانىيە ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. گېرمانىيە ساقچى ئورگانلىرى مەن بىلەن تۆت سائەت سۆھبەتتە بولدى. بۇ جەرياندا ماڭا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى تولۇق تەكشۈردى. نەتىجىدە، مېنىڭ ئىلگىرى خىتاي ئەيىپلىگەن جىنايەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، خىتايغا قارشى چىققىنىمدىن ئىبارەت سىياسى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم ۋە شۇ سەۋەبلىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىياسى پانالىق تەلىۋىمنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ئېنىقلىنىپ چىقتى. گېرمانىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مېنىڭ 1951 - يىلدىكى جەنۋە شەرتنامىسىنىڭ روھىغا بىنائەن گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقىمنى، ئەمما خىتاي بىلەن مەخسۇس توختامنامە تۈزۈشكەن 3 - دۇنيا ئەللىرىگە بېرىشتا ئېھتىيات قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن خىتاينىڭ تۈنجى سۇيىقەستىنى شۇ چاغدا بىلدىم. شۇندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بىخەتەرلىك نۇقتىسى نەزىرىدىن بارمىدىم. ئۇندىن باشقا دۆلەتلەردە ھېچقانداق مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىم يوق. ئېيتقىنىمدەك، خىتاينىڭ بۇ بىرىنچى سۇيىقەستى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خەلقئارا تېررورىزىمغا قارشى ئېقىمدىن پايدىلىپ بۇ قېتىمقى ئويۇننى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئەمما بۇ ئويۇننىڭمۇ بازىرى كاسات بولدى. مېنىڭ ۋە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ جانلىق داۋام قىلماقتا. گېرمانىيە دۇنيادىكى ئەڭ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. گېرمانىيىدە ھەممە ئىش قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ياشلار قۇرۇلتىيى گېرمانىيە قونۇنىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە قۇرۇلغان ۋە قانۇنلار ئىجازەت دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلات. ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدىن گېرمانىيە دائىرىلىرى تولۇق خەۋەردار.

**سوئال: سىزنىڭچە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تەقدىرى بۇندىن كېيىن قانداق بولىشى مۇمكىن؟ مىللىي بىرلىك ئەمەلگە ئاشامدۇ؟**

**جاۋاپ:** دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى شەك - شۈبھىسىزكى، مۇھاجىرەتتىكى مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ موتۇرى ۋە يېڭى قېنى. ياشلار قۇرۇلتىيىسىز ئومۇمى بىرلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىغا بولغان ئۇمىدى ئىنتايىن زور. بۇنى ئەلۋەتتە ھېس قىلغان ئەھۋالدامىز. 2002 - يىلى نويابىر، ئىككى قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىرىپ، پۈتۈن مىللىي ھەرىكىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەڭ يۇكسەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەشكىلى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدۇق. بەزى سەۋەپلەر بىلەن بىرلەشمە قۇرۇلتاي چاقىرىش ئىشى كېچىكتى. ئەمما بۇ بىرلىك مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ئېھتىياجى، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى. مەنچە بۇ بىرلىك چوقۇم ئىشقا ئېشىشى كېرەك. بۇ نوقتىدا دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بولسۇن ياكى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى بولسۇن، ئوخشاش پىكىردە.

**سوئال: سىزنىڭ تېررورىزىم بىلەن سىياسى مۇجادىلە ھەققىدىكى كۆزقارىشىڭىز قانداق؟**

**جاۋاپ:** «تېررورىزىم» نىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى ئېنىق تولۇق شەرھىلەنگىنى يوق. بۇ ئۇقۇمنى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە شەخسلەر ئۆز مەنپەئەتىگە بېقىندۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەرگە تەدبىقلاپ كەلمەكتە. ختاي ھۆكۈمېتى بولسا بۇ ئۇقۇمنى نوقۇل ھالدا ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ھەم يوقىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ ئىشلەتمەكتە. ختاينىڭ بۇ رەزىل قىلمىشى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ باياناتلىرىدا بولسۇن، يىللىق دوكلاتلىرىدا بولسۇن، ھەتتا ئامېرىكا قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ رەسمى باياناتلىرىدا بولسۇن ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تەنقىتلەنمەكتە. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن، ختاي ھۆكۈمېتى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا «مىللىي بۆلگۈنچى»، «قانۇنسىز دىنىي ئۇنسۇر» دېگەندەك كەلىمىلەرنى ۋاستە قىلغان ئىدى. تېررورىست ئاتالغۇسى يوق ئىدى. 11 ـ سېنتەبىردىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى كۆرەشنىڭ باشلىنىشى بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دۆلەت تېررورىزمنى يوقىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارا ئىقىمغا ماسلىشىش ئۈچۈن تېررورىزمغا قارشى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى يەنىمۇ قاتتىق باستۇرۇش مەقسىتىدە خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى «تېررورىزىم» بىلەن ئاتاشقا باشلىدى. دېمەككى، ئۇيغۇرلار بىر كېچىدىلا «مىللىي بۆلگۈنچى»، «قانۇنسىز دىنىي ئۇنسۇر» دىن «تېررورىست» قا ئايلىنىپ قالدى. ختاي ھۆكۈمېتى نەزىرىدە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا تېررورىستىك ھەرىكەت بىلەن سىياسىي ھەرىكەت ئوخشاش مەزمۇنغا ئىگە. ختاي ھۆكۈمېتى بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ھېچقانداق بىر ھەرىكەتنى سىياسىي ھەرىكەت كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ مۇئامىلە قىلىپ باقمىدى. ھەتتا 1985 ـ يىلى ۋە 1988 ـ يىللىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېنچ نامايىشلىرىنىمۇ سىياسىي ھەرىكەت دېگىنى يوق. ئەكسىنچە «جەدەل چىقىرىش ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى. ئۇ ھەرىكەت ھازىر ياكى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا «تېررورىستىك ھەرىكەت» دەپ ئاتىشى مۇمكىن ئىدى. ختايدا پەقەتلا كومپارتىيە سىياسىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. باشقا ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ. خەلاپلىق قىلغۇچىلار سىياسىي ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى «تېررورىستىك ھەرىكىيت» بىلەن شۇغۇللانغان ھېساپلىنىپ جازالىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇشۇ قىلمىشىنىڭ ئۆزىلا تېررورىستىك ھەرىكەتتۇر.

**سوئال: ختاي ھۆكۈمېتى بۇ باياناتى ئارقىلىق**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**چەتئەللەردىكى مىللىي مۇستەقىللىقچى كۈچلەرنىڭ «ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر» ئەمەسلىكىنى خەلقىمىزگە بىلدۈردى ۋە تۇنجى قېتىم مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى ئاشكارە ئېتىراپ قىلدى. بۇنى يىراق كەلگۈسىدە خىتاي بىلەن قۇرۇلغۇسى دىئالوگنىڭ تۇنجى بىشارىتى، دەپ چۈشىنىش مۇمكىنمۇ؟**

**جاۋاپ:** خىتاي ھۆكۈمىتى يىللاردىن بۇيان خەلقئارادا بولسۇن، ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كىچىك كۆرسىتىشكە، ھەتتا يوق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئەمما ھەرقاچە قىلىپمۇ بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارادا مۇھىم ۋە چوڭ مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى توسۇپ قالالمىدى. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بۈگۈن خەلقئارا مەسىلە بولۇپ تونۇلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يىللاردىن بېرى ئەنسىرەپ كەلگىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئەمدى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى نائىلاج، دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى جاكالىدى ۋە بۇنى تېررورىستىك ھەرىكەت دەپ جار سېلىپ، بۇ ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى ئامېرىكا ۋە كېيىن ب د ت نىڭ تېررورىست لىستىسىغا ئېلىشى بىلەن خىتاينىڭ بۇ خىل بۆھتانلىرى دەسلەپتە بازار تاپقاندەك قىلسىمۇ، بۇ قېتىم ئېلان قىلغان تۆھمەتلىرى بازار تاپالىغىنى يوق. خىتاي ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى سۆھبەت، دىئالوگ بىلەن ئەمەس، بەلكى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ كەلمەكتە. ئەمما غەلىبە قىلالىغىنى يوق. بۇ ھەرىكەت ئەكسىچە كۈنسېرى زورايماقتا ۋە كۈچەيمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى يىللاردىن بېرى ئۆزىنى ۋە دۇنيانى ئالداپ كەلگىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ «ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىشى» بولماستىن، ئومۇمىي بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە بۇنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. شۇندىلا دىئالوگنىڭ يوللىرى ئېچىلىشى مۇمكىن.

**سوئال: سىزچە خىتاينىڭ بۇ باياناتنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان تۈپ مەقسىدى نېمە؟**

**جاۋاپ:** يىغىپ ئېيتقاندا، كۈنسېرى خەلقئارالىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ خەلقئارا كۈنتەرتىپكە كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۇنيا نەپرەتلىنىۋاتقان «تېررورىست» كەلىمىسىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقىنى تۈگىتىش، دەۋايىمىزنى ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىدىن مەھرۇم قىلىش، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى يېتىم قالدۇرۇپ، مىللىي ھەرىكىتىمىزنى زەئىپلىتىش ۋە ئاخىرقى ھېساپتا، مۇھاجىرەتتىكى مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ موتۇرلۇق رولىنى ئويناۋاتقان «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى يوقىتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم !

ئىزچىمەن

## بىرىنچى بۆلۈم

## ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

### 4 - پاراگراف: مىللىي كادىرلار ۋە مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر

ۋەتىنىمىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان دەۋرلەردىن بۇيان، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەرگىزمۇ نوقۇل خىتاي مەمۇرى خادىملىرىغىلا تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئەمەس. زوزۇڭتاڭدىن باشلاپ تا بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا كەلگىچە ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن مىللىي خائىنلارنى، خىتايغا ساداقىتىنى كۆرسەتكەن ۋىژدانسىزلار، مەنپەئەتپەرەسلەر، نادانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەردەرىجىلىك قورچاق مەمۇرى ئورگانلىرىدا ياردەمچى، مەسلىھەتچى، كاتىپ، تەرجىمان، خىزمەتچى؛ ھەربىي ئەمەلدار، ئەسكەر، ساقچى ئەمەلدارى، ساقچى، ئوقۇتقۇچى، تېخنىك، ئېنجىنىر، ئىشچى ... قاتارىدىكى قورچاق ۋەزىپىلەردە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. يەنى ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىدىكى قورچاق مەمۇرى ئورگانلار، مەدەنىيەت ساھەلىرى، شىركەتلەر، زاۋۇت، كان - كارخانىلاردىكى بارلىق قورچاق مىللىي خادىملار خىتايلار تەرىپىدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ۋە ئىشەنچ قىلالىغاندىن كېيىن ئىشقا سېلىنغان خىتايغا سادىق كىشىلەر ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تاللاپ ئىشقا ئالغان ھەرقانداق بىر قورچاق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە خالىغان بىرسىنىڭ خاتا تاللانغانلىقى ياكى سوقۇنۇپ كىرىۋالغانلىقى ئىسپاتلانغىنىدا ئۇلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ ۋە ئىشتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ھەتتا ھەر خىل ئويدۇرما جازالار بىلەن جازالايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ خىل بۇ خىل تاللانغان قورچاق مىللىي خادىملار ئىچىدىكى بەزىلىرى ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئەقىدىسىنى، مىللىي غۇرۇرىنى يوشۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن، كېيىن ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسا ياكى دەسلىۋىدە ھەقىقەتەنمۇ خىتايغا سادىق كىشى بولۇپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاچچىق ئەمەلىيەتلەر تەربىيىسىدە مىللىي غۇرۇرى ئويغۇنۇپ قالسا، بۇ كىشىلەرنى ھەر خىل سىياسى ھەرىكەتلەر ئىچىدە يوق قىلىۋېتىدۇ. ئىقتىسادى بۆھتانلار بىلەن ئەيىپلەپ يوق قىلىدۇ. يوشۇرۇن قىلتاق قۇرۇش ئارقىلىق يوق قىلىدۇ. بۇ خىل تازىلاش ھەرىكەتلىرى نوقۇل مىللىي

دۈشمەنلىرىگە زەربە بېرىشنىلا مەزمۇن قىلىشى ناتايىن. خىتايدا ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنى ۋەتىنىمىزدە يوشۇرۇن مىللەتسۆيەرلەرنى تازىلاش ئۈچۈن بۇرمىلاپ پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ خىل شەكىللەردە ئىزچىل تۈردە قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، سىناق قىلىش، پاش قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن ئىشەندۈرگىدەك ئۆتەلىگەن قورچاق مىللىي خادىملار شۈبھىسىزكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن تاللانغان سادىق مالايلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىشلەپچىقىرىش، پەن ـ مەدەنىيەت، قانۇن، ئەسكىرى ساھەلەردە ئىشلەيدىغان مىللىي خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز، ئاكتىپ ياكى مەجبۇرى ئىشلەيدىغان قورچاقلاردۇر. يېرىم ئەسىرلىك مۇستەملىكە تارىخىمىز بۇنى ئاشۇرۇپ ئىسپاتلىماقتا. ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرىدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنى قاراڭغۇلۇقلارغا باشلاپ كىرگەن «11 بېتىم» دىن باشلاپ ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ شۇنچە كۆپ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىدىن ئايرىلىشى، شۇنچە كۆپ ھەل قىلغۇچ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشى، مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، ئەڭ مۇھىمى، 50 مىڭغا يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى ئاھالىسىنىڭ بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق ئاپەت ھالىتىگە كېلىۋېلىشىغا سەۋەپكارلىق رول ئوينايدىغانلار دەل شۇ قورچاق ئىشچى - خىزمەتچىلەردۇر.

بىر مىللەتنىڭ تاشقى دۈشمىنى بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە كۈچلىنىپ كېتىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل يات كۈچلەر «دۈشمەن، مىللىي دۈشمەن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مىللىي دۈشمەن تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن مەيلى خالاپ ياكى مەجبۇرى شەكىلدە ھەمكارلىق ئورناتقان كىشىلىرىمىزنى نىمە دېيىشىمىز كېرەك؟

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچى داھىسى بولغان ۋاڭجىڭۋىي ۋە ئۇنىڭ قۇرغان قورچاق ھاكىمىيتى خادىملىرىنى خىتايلار ئەشەددى ۋەتەن خائىنلىرى، دەپ جازالىمىغانمىدى؟ سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ نېمىسلار بىلەن ھەمكارلاشقان ۋىلاسوۋچىلارنى ۋەتەن خائىنلىرى ئاتاپ ئېغىر جازاغا تارتمىغانمىدى؟ فرانسىيە خەلقىمۇ نېمىسلار بىلەن ھەمكارلاشقان شىمالى فرانسىيە قورچاق ھۆكۈمىتىنى مىللىي خائىنلار، دەپ ئېلان قىلمىدىمۇ؟ ئۇلارنى مىللىي دۈشمىنى بىلەن مەجبۇرى ھەمكارلاشقانلار، نادانلىقتىن قايمۇقۇپ ھەمكارلاشقانلار، ئاڭسىز ھەمكارلاشقانلار، جان بېقىش ئۈچۈن ھەمكارلاشقانلار، دەپ كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى ھېچ بىر ماتېرىيالدا ئۇچرىتالمايمىز! ئەجىبا، ئۆز ئىچىمىزدىن چىقىپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىۋاتقانلارنى نىمە ئۈچۈن دۈشمەنگە خىزمەت قىلىۋاتقانلار، دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلالمايدىكەنمىز؟!

قەتئى كېسىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، ۋەتىنىمىزنى مۇنقەرز قىلىۋالغان مىللىي دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدا قانچىكى يۇقىرى ئەمەل تۇتالىغان ئىكەن، ئۇ كىشى ۋەتەنگە شۇنچە كۆپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com



دۈشمەنلىك قىلغان ھېساپلىنىدۇ! ئۇ كىشى شۇنچە چوڭ ۋەتەن خائىنى ھېساپلىنىدۇ! شۇ سەۋەپتىن خەلقىمىز ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋىژدانلىق كىشىلىرىمىز ۋەتىنىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشىنى باشلاش جەريانىدا، ئاۋال مىللىي خائىنلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەزىپە قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتماقتا. بۇنداق قاراشلارنى بۈگۈنكى كۈندە كىممۇ خاتا دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بولۇپمۇ، بىرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بولمىغان ساپ مىللىي يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مىللىي باسقۇنچىلىق سىياسىتىنىڭ ۋەكىلى ھەم ئىجراچىسى بولۇپ، باسقۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ غالچىلىق قىلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئەترەت باشلىقلىرى، يېزا كادىرلىرى، ناھىيە كادىرلىرى ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەلىمگە بوي سۇنۇپ، خەلقىمىزنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىنمۇ بەتتەر زار قاخشىتىپ كېلىۋاتقانلىقى بۈگۈنكى بىر رېئاللىق ئەمەسمۇ؟ قانۇن ئورگانلىرىدا، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە، تەتقىقات يۇرتلىرىدا، مەمۇرى ئارگانلاردا، شىركەت، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا، مەھەللىلەردە ھۆكۈمەت خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان بىر قىسىم قورچاق ئەمەلدارلىرىمىز، خىتاي غالچىلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز خەلقىگە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇپ زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقى پاكىت ئەمەسمۇ؟!

ئەقەللىسى، دۈشمەن بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان، دۈشمەننىڭ پىلانى، تاپشۇرۇقى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش قىلىپ كېلىۋاتقان قورچاق مەمۇرى كادىرلىرىمىز، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمىز، زىيالىلار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىمىز ئۆز خەلقىنىڭ چېكىۋاتقان مىللىي زۇلۇملىرىنى، مىللىي خورلىنىشلىرىنى، مىللىي ئېزىلىشلىرىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇغلۇق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تىلغا ئالغۇدەك بىرەر قارشىلىق ھەرىكىتى پەيدا قىلالىدىمۇ؟ ئۈرۈمچىدە پارتىلىغان داغ ـ دۇغۇلۇق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدە قانچە زىيالى، قانچە ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاشكارە ھالدا ئۆز پەرزەنتلىرى تەرەپتە تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىدى؟ ئاقسۇدا، ئۈرۈمچىدە، قەشقەردە... يۈز بەرگەن تاۋۇت كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان خەلقىمىزگە قانچە قورچاق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاشكارە ھېسداشلىق قىلالىدى؟ پەيزىۋات، قاغىلىق، قاراقاش، قەشقەر، بارىن، غۇلجا خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئاشكارە ھېسداشلىق قىلالىغان بىرمۇ مىللىي كادىرنىڭ چىقمىغانلىقى بىزنىڭ قورچاق ئەمەلدار ياكى قورچاق ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا سادىق غالچىلار، قورقۇنچاقلار، ۋىژدانسىزلار ئىكەنلىكىنى كەينى كەينىدىن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە!

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئاددى ئەترەت باشلىقلىرىغىچە، ئالىي زىيالىلىرىمىزدىن تارتىپ ئەڭ ئاددى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىمىزگىچە مىللىي نوپۇسىمىز ئىچىدە كام ھېساپلىنىمىزدىمۇ يېرىم مىليوندىن ئارتۇق كىشىلىرىمىز خىتايلارغا ئەڭ يېقىن يەرلەردە تۇرماقتا. ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ۋە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا بۇ ئاز كۈچ ئەمەس ئىدى.

ئەپسۇسكى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئەڭ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە بۇ يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئىنسانىمىز دۈشمەنگە تەھدىت يارىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز خەلقىگە تەھدىت سالىدىغان دۈشمەن كۈچ ھالىتىدە تۇرماقتا!

بۇنداق دېيىشىمىز بىلەن، بۇ يېرىم مىليوندىن ئارتۇق كىشىلىرىمىز تۇشمۇ تۇشتىن قوزغۇلۇپ «بىز ئۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلدۇق، مۇنداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلدۇق، دۈشمەن بېسىمىغا قارىماستىن ئۇنداق قىلدۇق، مۇنداق قىلدۇق» دېيىشىپ چۇقىرىشىپ كېتىشى مۇقەررەر. ئۇلار مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى قوغداپ قېلىش جەھەتتىمۇ قىلچە ئەمەلىي رولى بولمىغان بەزى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى داۋراڭ قىلىشىپ، ئۆزلىرىنى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتسۆيەر قىلىپ كۆرسىتىشلىرى تەبىئىي. مۇنداق داۋراڭ قىلغۇچىلارنىڭ بېشىدا ھەتتا بىرىنچى نومۇرلۇق ۋەتەن خائىنى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭمۇ بولغانلىقى سىزىلمەكتە. بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، مىللىي مۇستەقىللىق دېگەندەك ئۇقۇملارنىڭ نەقەدەر چاكىنا، نەقەدەر بۇرمىلانغان ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى بۇ خىل چاكىنا ۋە بۇرمىلانغان چۈشەنچىلەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئىپادىلەيدىغان بارلىق ساھەلەرگىچە سىڭىپ كىرىپ بولغانلىقىنى ھەرقانداق ھەرىكىتىمىزدە ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز. ئالايلۇق، دىنىي ئەقىدىلىرىمىزدە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە، مائارىپ ئىشلىرىمىزدا، مىللىي تارىخ تەشۋىقاتلىرىمىزدا، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىمىزدە، بولۇپمۇ تاشقى دۇنيادىكى مۇھاجىر پائالىيەتلىرىمىزدە بۇ خىل بۇرمىلانغان، ئاددىيلاشتۇرۇلغان، ئاسانلاشتۇرۇلغان، ئەھمىيەتسىزلەشتۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، ئېتىقاد ئۇقۇملىرىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان سەلبىي تەسىرلىرىنى يېتىپ ئاشقىچە كۆرمەكتىمىز!

ئەگەر ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك چېكىنىش تارىخىمىزدا، بىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تېنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىپ كەلدۇق، دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بىز، قانداقتۇر بىر خىل خاتا چۈشەنچە ئاساسىدا ھەرىكەت قىلغان بولىمىز. ئەگەر ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك مەغلۇبىيەتلىك پائالىيەتلىرىمىزنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز، دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇ ئۆتكەن يېرىم ئەسىر جەريانىدا پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇقۇمى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن بولىمىز. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، بىز ئۆتكەن يېرىم ئەسىر جەريانىدا ھېچ بولمىغاندا دۈشمەننىڭ نەچچە يۈز ھەسسە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىغان بولار ئىدۇق. ۋەتىنىمىز خەلقى تارىختا پەۋقۇلاددە ئېغىر چېكىنىش دەۋرىگە كىرىپ قالمىغانلا بولىدىكەن، بىرەر ھەرىكەت قىلغانلىرىدا ھېچ قاچان بۇنچە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ باقمىغان ئىدى!

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىمىزنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت تارىخىمىز» دەپ دەۋا قىلىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك

(داۋامى 35 ـ بەتتە)

# قارا قول

## ئەرك تېكىن

بۇندىن بىر ئاي ئىلگىرى، دەۋايىمىزغا قىزىققۇچى بىر غەرپلىك بىلەن مەلۇم دۆلەتتە چاقىرىلغان ئىچكى يىغىنىنىڭ تەنەپپۇس ۋاقتىدا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەچ، ئىسمىنى «ئۇ» ئاتاپ تۇراي.

ـ شەرقىي تۈركىستان ياكى ئۇيغۇرىستانىنىڭ ھەقىقەتەن مۇستەقىل بولىشىغا ئىشىنەمسىز؟ ـ دېگەن سوئال بىلەن سۆھبەتنى باشلىدى «ئۇ» ، ئەھۋال سورۇشۇپ خېلىدىن كېيىن.

ـ ئەلۋەتتە، ئىمانىم ۋە ۋىژدانىم بىلەن ـ دەپ جاۋاپ بەردىممەن. «ئۇ» تەستىق بىلەن مۆرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ ئىنشائاللا، ئىشىنىش كېرەك ـ دېدى ئۇيغۇرچە، ئاندىن ئۆز تىلىدا ئالدىرىماي سۆزلىدى ـ مۇتلەق ئىشىنىش كېرەك. ئىشەنمەسلىككە ھېچ ئاساسىمىز يوق. سۆزىڭىزگە يەنە «ئەجدادىم ۋە تارىخىم بىلەن» دېگەننى قوشۇپ قويىسىڭىز تېخىمۇ تولۇق بولىدۇ. چۈنكى، قان ئايرىمىسى تولىمۇ مۇھىم. دۈشمىنىڭىز بىلەن ھېچقانداق قان ئورتاقلىقى بولمىغان ئايرىم بىر ئەجداتنىڭ ۋارىسىسىز. بۇ ئېرىق پەرقىنى يوقىتىش ـ دۈشمىنىڭىزنىڭ نىشانى. سىزنى كۆرەشكە ئۈندەۋاتقان، ئىمانىڭىز ۋە ۋىژدانىڭىزنى دۈشمەنىنىڭ نىشانىغا قارشى قوزغىتىۋاتقان نەرسىمۇ ئەنە شۇ سىزگىلا خاس بولغان قانىنىڭ قۇدرىتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قان ياراتقان تارىخ تولىمۇ سەلتەنەتلىك ئىدى. ئەپسۇس، تېخى يورۇق كۆرمىدى. بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىڭلارنى يېتەرلىك ديەلمەيمەن ـ دېدى بېشىنى چايقاپ.

ـ بۇنىڭ تۈرلۈك رېئاللىقى سەۋەپلىرى بار ـ دېدىم ۋە سىياسى، ئىقتىسادى ئاساسىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، چېكىدىن ئاشقان زۇلۇملار ۋەجىدىن دۇچ كەلگەن پۈتمەس توسالغۇلارنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ سوئالىنى ئۆزىگە قايتۇردۇم ـ سىزچۇ؟ سىز ئىشىنەمسىز؟

ـ ئەلۋەتتە، بۇ ئىشەنچتە سىزدىن قېلىشمايمەن. ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشكە ئەڭ كۆپ تىرىشقانلارنىڭ بىرى بولسام كېرەك. ئىككى قېتىم قەشقەر، خوتەنگىچە بېرىپ كەلدىم. ئەمما سىلەرنىڭ خېلى بىر بۆلۈك ئىنسانلىرىڭلارنىڭ ئىشەنچى ئانچە كامىل ئەمەس. بۇنى بىر پاجىئە دېسە بولىدۇ ـ دېدى «ئۇ» ۋە ئۆكۈنگەن تەلەپپۇزدا ئېيتتى ـ ھەيرانمەن. تېخى 50 يىل ئىلگىرى دۆلەت قۇرالىغان مىللەت سىلەر. تارىختىن بېرى دۆلەت قۇرۇپ، تالاي مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقاتقان ۋە يەنە قانچىلىغان توپلۇقلارغا مىللەت سىياقى بەخش ئەتكەن خەلق ئىدىڭلار. بۈگۈن سىلەر ياراتقان مىللەتلەر ئەتراپىڭلاردا ھۆر ياشاۋاتىدۇ. ئەكسىچە سىلەر تۆگەپ كېتىۋاتىسىلەر. مىللىتىڭلارنىڭ ئومۇمى قىسمى مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلىمۇ، مۇستەقىللىققا بولغان ئىشەنچى ۋۇجۇدىدىن يۈتمىگەنلەر ئۇ قەدەر كۆپ ئەمەسكەن. بۇ مىللىي تەربىيىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. شەرقىي تۈركىستاندىغۇ ئىمكان يوق. ئەمما چەتئەللەردە سەل قارىماسلىق لازىم. ھەراست، سىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەشكىلاتىڭلارنىڭ رەئىسى بىلەن يىل ئىلگىرى بىر سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇنىڭدىنمۇ ئالدى بىلەن سىزدىن سورىغان سوئالنى

www.uyghurkitap.com



سورىدىم. نىمە دەپ جاۋاپ بەرگىنىنى بىلەمسىز؟ ئەلۋەتتە، نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى دەمال بىلەلمىدى. خېلى بىر هازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ «هېچ بولمىسا تىبەت ئىستىگەن ئالى ئاپتونومىيىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشەنچىمىز بار، دېدى».

- بۇ رەئىس ھېلىمۇ ئەشۇ ئالى ئاپتونومىيە تاماسىدا ياشاۋاتىدۇ - دېدىممەن ئۇ سۆھبەتلەشكەن رەئىسنى دەمال پەرەز قىلالىغىنىم ئۈچۈن گېپىگە قوشۇق سېلىپ - ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق مەنتىقىسى بار. ئەمما بۇ مەنتىقىنى بازارغا سېلىشتىن قورقىدۇ. چۈنكى خەلقىمىز، مۇستەقىللىقتىن باشقا ھەرقانداق تۈزۈلمىنىڭ ئىستىقپالىدىن گۇمانلىنىدۇ. بۇ، تارىخى تەجرىبە - ساۋاقلار بەخىش ئەتكەن روھ. بۇ ئىدىيىنى ئۇ رەئىس نادانلىق، دەپ چۈشىنىدۇ. ئاشكارە سورۇندا تەرغىپ قىلالمىسىمۇ، ئايرىم يەرلەردە تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ ۋە باشقىلارنى تەرغىپ قىلىشقا كۈشكۈرتىۋاتىدۇ.

- يا ئۆز مىللىتىنى، يا ئۆز دۈشمىنىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەردىن پەخەس بولۇش كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان دۈشمەنىنىڭ قورالى بولۇش ئېھتىمالى بار. ئۆزلىرىچە ئۇلارغا ھازىرقى ئاپتونومىيىدىن تىبەت ئىستىگەن ئاپتونومىيە ئەۋزەل ياكى ئېرىشمەك تەس بولغان مۇستەقىللىقتىن ئېرىشمەك قولاي بولغان ئاپتونومىيە ئەلا. ئۇنى بىلىشلىرى كېرەككى ئۇ ئىنسانلار، ھەرقانداق بىر غەيرى ئالى تۈزۈلمە مۇستەقىللىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ ۋە بۇنداق تۈزۈلمىلەر سىلەر ئۈچۈن مۇستەقىللىقنىڭ ۋاستىسى بولىشى كېرەككى، مەقسەد بولماسلىقى كېرەك. مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل كەتسە، ئۇ ئىستىگەن ئاپتونومىيە ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك بەدەل كېتىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئالى ئاپتونومىيىنى بېرىشكە مەجبۇر بولغان كۈنىنىڭ مۇستەقىللىقنى بېرىشكە مەجبۇر بولغان كۈنى بىلەن پەرقى يوق. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، دۇنيانىڭ كۆزىدە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەمەس، ئالى ئاپتونومىيە ئۈچۈن كېلىشىم هاسىل قىلىنسا، بۇ بەئەينى مۇستەقىللىقنىڭ گۆرىنى قازغانلىق بولىدۇ. بۇ ئالى ئاپتونومىيە ھەرقانچە بولسا پەلەستىنلىكلەر ئىگە بولغان ئاپتونومىيىدىن ئالى بولالمايدۇ. ئۇلار يەنە نىمە دەپ قان تۆكۈۋاتىدۇ؟ چېچەنلەر نېمىشقا روس فېدراتسىيىسى تەركىبىدىكى دۆلەت بولۇشنى خالىماي مۇستەقىللىق ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىدۇ؟ ھازىرقى ئۇيغۇرىيەدىكى ئاپتونومىيىمۇ ئالى ئاپتونومىيىغۇ؟ بۇ خىل خاتا مەنتىقىنى بازارغا سېلىۋاتقان ئادەملەر سىلەرنىڭ غوللۇق تەشكىلاتىڭلارنى باشقۇرىۋاتقان بولسا، دەۋايىڭلارغا ئۇۋال. سىزنى ياكى سەپداشلىرىڭىزنى ئىنتايىن پەخەس بولۇشقا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈندەيمەنكى، ئۇيغۇر دەۋاسى - خەجلىنىش ئالدىدىكى پۇل. كىمنىڭ، قانداق خەجلىشى دۈشمىنىڭىزنى ساراسىمىگە سېلىۋاتقان مەسىلە. خىتاي مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىلەرنىڭ غەربتىكى تەشكىلاتلىرىڭلارنى ئۆز قويىنىغا ئېلىشقا ئۇرىنىۋاتىدۇ. گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

- ھازىرقى ئاشۇنداق يارامسىز تەشكىلات رەھبەرلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىشى مۇمكىن، دېمەكچى بولسىڭىز كېرەك؟

- بۇ، دۈشمىنىڭىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئەمەس - دېدى «ئۇ» - مەن قەشقەر ۋە خوتەنلەردە بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. خىتاي ئۆزى تەشكىلات قۇرۇپ، ھەتتا ئۆزى پارتلىتىپ ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇ «تەشكىلات» ياكى بۇ «قاتىل» لارغا بىر تالاي يارامىلىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قولغا ئېلىپ، جەمئىيەتتە ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىش ئارقىلىق خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن. بۇنى مەن كوچىدىكى مەست ياكى ساراڭدىن ئاڭلىمىدىم. شۇنداق خىزمەتنى ئىجرا قىلىپ، ۋىژدان ئازاۋى چېكىۋاتقان بىرسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. بۇ ئويۇننىڭ چەتئەللەردە ئوينالماسلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ ئەنە، تېخى ھەپتە ئىلگىرى بىرقانچە تەشكىلاتىڭلارنى ۋە شەخسنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تېررورىست ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ تېررورىزىم بىلەن نىمە ئالاقىسى؟ ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن تېررورىزىمنىڭ پەرقى ئايرىۋالغۇسىز دەرىجىدە ئەمەسقۇ؟ ئەمما پۇرسەت پەرەسلىكتە خىتاي بىلەن ھېچ دۆلەت بەسلىشەلمەيدۇ. بۇ گۈنكىدەك خەلقئارا مۇھىتنىڭ ئىككىنچى قېتىم يارالمايدىغانلىقىنى خىتاي ياخشى بىلىدۇ. خىتاينى يېتەرلىك تەييارلىقسىز ۋە ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات ھازىرلىماي تۇرۇپ شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ بۇ دەلىل ـ ئىسپاتنىڭ يالغانلىقىغا مەن ئىشىنىمەن. دۇنيا ئىشىنەمدۇ؟ ئىشەنگەنگە قەدەر تارتقان زىيان كىمگە؟ ھېچ زىيان تارتمىغان، دۇنيا ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، خىتايلارنىڭ چەتئەللەردىكى مۇستەقىلچى كۈچلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن باسقان بۇ دادىل قەدىمىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش كىرەك. «بۆشۈگىدە ئۇجۇقتۇرۇش» دېگەن پەلسەپىنى ئۇلار باشقىلاردىن ئۈگىنىشكە موھتاج ئەمەس.

دەرۋەقە، بۇ يىغىندىن ھەپتە ئىلگىرى خىتايلار بىر قانچە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ۋە بەزى شەخسلەرنى تېررورىست ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قۇرۇلتاي چاقىرىشىغا يول قويماسلىق، پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەش، بۇ تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئارقىدا قانچىلىك خەلقئارا كۈچ بارلىقىنى چېكىپ كۆرۈش، قۇربى يەتسە بىر بىرلەپ يوقىتىش ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىلچى كۈچلەرگە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ھەم خەلقنىڭ روھىنى سۇندۇرۇش، تاشقى جەھەتتە ئۇيغۇر مۇستەقىللىق دەۋاسىغا بىر قېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىش.. قاتارلىق بىر تالاي مەقسەدلەر ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئىدى.

ـ بۇ كۈنلەردە شۇقەدەر گۇمانخور بولۇپ كەتتۇقكى، ھەممىلا ئادەم كۆزىمىزگە خىتاي جاسۇسىدەك كۆرۈنىدۇ ـ دېۋىدىم، «ئۇ» سۆزۈم ئاخىرلاشمايلا:

ـ گۇمانخورلۇقنىڭ پايدىلىق يەرلىرىمۇ بار ـ دېدى كۆلۈپ كېتىپ ـ گۇمان سەگەكلىكنىڭ مەھسۇلى. ۋەتىنىمىزدە خەلق سەگەكلىشىپ كېتىپتۇ. بىر بىرىگە تايىنىپ ياكى تەشكىلات قۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشتىن، يەككە ـ يىگانە ھەرىكەت قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان باسقۇچقا ئۆتۈپتۇ. ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ. تېخى بەش يىل ئىلگىرى يىلىغا ئون نەچچە ئۇيغۇر تەشكىلاتى دۈشمەن قولىدا ھالاك بولاتتى. ھازىر ئۇ قەدەر ئەمەس. ئەمما چەتئەلدە يەككە ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدۇ. يەنى سىياسى دەۋانى يالغۇز ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. دەۋاغا كېرەكلىك، ئىشەنچلىك ئادەملەردىن تەركىپ تاپقان، مىللەتچىلەرگە ۋەكالەتلىك قىلالايدىغان بىر يادرو بولىشى مۇقەررەر زۆرۈر. ئەگەشكۈچىلەرنى ھەرئان تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يالغۇز ئۇيغۇرلا بولىشى شەرت ئەمەس. مەسىلەن، مەنمۇ بىر ئەگەشكۈچى. ئەڭ موھىمى: مەۋقەنىڭ ئېنىق، رەھبەرنىڭ ساغلام بولىشى.

بادام دوپپامنىڭ جەلىپ قىلىشى بىلەن يېتىپ كەلگەن بىر يىگىت، سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويدى.

ـ ئۇيغۇرلىغىڭىزنى بىلىپ كۆرۈشكىلى كەلدىم. ئەجىبا، ئۇيغۇرلاردىن يالغۇز سىزلا كەلگەندەك تۇرىسىز؟ ـ دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن.

ـ بەلكىم باشقىلارغا يا تەكلىپ بارمىدى ياكى كېلىش ئىمكانى بولمىدى ـ دېدىم شۇنچە مۇھىم بىر يىغىننى تەرك ئەتكەن قېرىنداشىمنى ئىچىمدە ئەيىپلەپ. كىملەرنىڭدۇر ھاۋالىسى بىلەن ھېچقانداق تەشكىلاتقا تەۋە بولمىغان ئۇيغۇرلار قاتارىدا سانىلىپ، يالغۇز ئىككىمىزلا بۇ تەكلىپكە ئېرىشكەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىغىن، تۇنجى ئېچىلىۋاتقان ھەم ئالى بىر نىشاننى ئالدىغا قويغان، تۆۋەن ئۇنۋانى دوكتور دەرىجىلىكلەرنىڭ رەسمى ئۇچرۇشۇش يىغىنى ئىدى.

ـ مەنمۇ ئۇيغۇر ھەۋەسكارى. ئەمما تونۇشىدىغان ئۇيغۇرلىرىم كۆپ ئەمەس. سىز قايسى تېمىدا سۆزلەيسىز؟ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سورىدى يىگىت.

– «ئىچىلىق ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن كونا ئېمىنىڭ يېڭى مەزمۇنى ھەققىدە، يەنى تېررورلۇق بىلەن مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ پەرقى ھەققىدە – دېدىم ۋە ئۇنىڭدىن سورىدۇم – سىزچۇ؟

– مەزمۇنى ئوخشاپ كېتىدۇ – دېدى يىگىت كامپيۇتېرنىڭ يانچۇقىدىن ماقالىسىنى ئېتىك سۇغۇرۇپ ئېلىپ ماڭا ئۇزۇتۇپ – خالىسىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ.

30 بەتلەر ئەتراپىدىكى بۇ ماقالىنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ بولۇشقا ئۈلگۈرمەيلا تەنەپپۇس ۋاقتى توشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. يىغىندىن كېيىن كۆپىيە قىلىۋېلىشنى ئويلۇدۇم. مەن ماقالە كۆرۈۋاتقان ئارىلىقتا، يىگىتنىڭ سۆھبەتدېشىمنى «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەتلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. دەۋايىمىزغا بۇ قەدەر كۆڭۈل بەرگەن چەتئەللىك زىيالى ئىنسانلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى يەنىمۇ ھېس قىلىپ سۆيۈندۈم. ئېچىلىش نۇتقىدىن كېيىن تونۇشتۇرۇلغانلار قاتارىدا سەككىز نەپەر ئۇيغۇرشۇناس ئالىمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئىدى. سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدىكى «ھەق قەيەردە بولسا – بىز شۇيەردە!» دېگەن ئىنگلىزچە يېزىلغان چوڭ ۋېۋىسكىنىڭ ئاستىغا چېچەنلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ، تىبەتلىكلەرنىڭ ۋە پەلەستىنلىكلەرنىڭ بولۇپ تۆت دانە بايراق قاتار ئېسىلغان بولۇپ، كەيپىيات تولىمۇ ھاياجانلىق ئىدى.

يىگىتنىڭ ماقالىسىنىڭ نامى «21 – ئەسىر – ئاجىز مىللەتلەرنىڭ جان تالىشىش ئەسىرى» بولۇپ، چېچەنىيە، پەلەستىن، تىبەت مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئانالىزدىن كېيىن، نۇقتىلىق ھالدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان ئىدى. ئەسەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئائىت قىسمىنىڭ دەسلىۋىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تامامەن ھەقلىق دەۋا ئىكەنلىكى، دۇنيانىڭ بۇ دەۋا ئىگىلىرىگە ھەقسىزلىق قىلىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق رەۋىشتە مۇستەقىل بولىدىغانلىقى شەرھىلەنگەن ۋە مۇستەقىللىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مەنىۋى ھەم رېئاللىق ئامىللار تولىمۇ ئەتراپلىق، ئىلمىي، چوڭقۇر يورۇتۇلغان ئىدى. دۇنيا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا پايدىسىز ساھەلىرى ھەققىدە توختالغاندا، نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي كېلىمات ئاساسىدا ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە شوئارىدىن قىلچە ۋاز كەچمىگەن ھالدا خىتايغا بەخش ئېتىدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىنمۇ ئەسلا ۋاز كەچمەيدىغانلىقى، زورۇر تېپىلسا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرىۋېتىش ئېھتىمالى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، تارىختىن بۇيان روسىيە ئويناپ كەلگەن كوزىرنى ئامېرىكا، ياۋروپانىڭمۇ ئوينىمايدىغانلىقىغا ھېچقانداق كاپالەتنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى ۋە بۇ خىل يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۇ يىغىن ئەھلىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەن. ئەسەردە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەزەلدىن تاشقىرى زەئىپ بىر مىللەت – ئەزەلدىن تاشقىرى كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلماقچى. بۇ ئارزۇنى ھېچكىم رەت قىلمايدۇ. ئەمما، ئارزۇ – قوتقازغۇچى ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى تامامەن يېتىم دەۋا. ئۇنى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى سودىلىرىغا چەك قويۇشتىكى ئۈنۈمى مۆلچەرلىگۈسىز. شۇنداق بولغاندا، مەيلى ئامېرىكا ياكى ياۋروپا بولسۇن، بۇ قۇربانلىقنى بازارغا سېلىشتىن ئىلگىرى، تارىخى جاۋابكارلىق ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار 50 يىل كۈرەش قىلىپمۇ بۇ مەقسەدكە يېتەلمىدى. يەنە 50 يىل كۈرەش قىلىسمۇ گېرمانىيە ۋە تۈركىيەدە بۇ مەقسەد ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولمايدۇ». ئارقىدىنلا شۇنداق دېيىلگەن ئىدى: «مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي دەۋادىن كۆرە، قۇراللىق كۈرەشنىڭ ئۈنۈمگە بولغان مايىللىقى زور. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا دەل ئەكسىچە. مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلقنىڭ ئۈمىدى چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا باغلانغان. سىياسىي دەۋانىڭمۇ يولى كەلگەندە قۇراللىق كۈرەشكە ئوخشاشلا زور نەتىجىلەرگە ساھىبلىقنى ئۇلارغا تونۇتۇش مەجبۇرىيىتىدىمىز. تىبەت دەۋاسىنىڭ ھامىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ، سەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ھامىلىقىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىش مەجبۇرىيىتىدە ئىكەنلىكىنى دەلىللىشىمىز ۋە بۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى مۇمكىنچىلىكىگە ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىھۇدە قان تۆكۈش، قۇربان بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. ياۋروپا بىرلىكى ۋە ئامېرىكىنى تىبەتنىڭكىگە ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىمۇ بىر ئىجابىي قارار چىقىرىشقا مەجبۇرلاش بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز بولۇشى زۆرۈر».

ئەسەردە تۈركىيە ھەققىدە كۆپرەك توختالغان بولۇپ، تۈركىيىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا ھېچقانداق ئىجابىي قەدەم باسمايلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە سېتىپ خەجلەيدىغان ماتاغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى قاتتىق ئەيىپلەنگەن: «تۈركىيە ئۆز قېرىنداشلىرىنى تولىمۇ ئەرزان سېتىۋەتتى. بۇ سېتىش يەڭ ئىچىدىكى سودىدىن ھالقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئارتۇقلاش — زۇلۇم سالغۇچىنى دۆلەت مىدالى بىلەن مۇكاپاتلاش دەرىجىسىگە يەتتى. بۇنىڭ ئالدىدا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنىڭ ئاسىلقلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇلار مال بولىدىغانلىكى نەرسە بولسا سېتىپ خەجلەشكە ئاران تۇرىدۇ. روسىيىنىڭ ئۇيغۇر ئەسىرلەرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى، پاكىستان، نېپال، ئاۋغانىستانلارنىڭ خىتاي بىلەن ئۇيغۇر مۇجاھىدلار ئۈستىدىن سودىلىشىشى ۋە بۇنىڭ ئالدىدا ب د ت نىڭ چارىسىز قېلىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى باشقىچە يول تاللاشقا مەجبۇرلىماي قالمايدۇ».

«ئەسلىدە، بۇ دەۋانى خەلقئارالاشتۇرۇش تۈركىيىنىڭ ئىمكانى دائىرىسىدە ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە تۈركىيە ھەم ئۆزىنى ھەم شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى مەنپەئەتلەندۈرەلەيتتى. تۈركىيىنىڭ يارامسىز سىياسەتچىلىرى ھېچ بولمىسا ئاستىرتتىن قوللاش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، بۈيۈك مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىدا كوزىر قىلىش لايىھەلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشتىن ئىرىندى. بۈگۈنكى تۈركىيىدە ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ ئېسىلىشى مەنئى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلمىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈشى مەنئى. نامايىش قىلىشى، تورك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا خىتايغا قارشى سۆز قىلىشى مەنئى.... تۈركىيىنى قانداقمۇ دېموكراتىك دۆلەت سانىغىلى بولىدۇ؟ تۈركىيە مۇشۇ ئەپتى بىلەن ياۋروپا بىرلىكىدىن تاما كۈتتۈاتامدۇ؟ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ خىيانىتى كەچۈرگىسىز!». «بۈگۈنكى تۈركىيە — شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ دۈشمىنى. تۈركىيە ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈچۈن بۇندىن 40 نەچچە يىللار ئىلگىرى بىر قېتىم ياردەم قولىنى سۇنغان ئىدى. 90 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى كىچىككىنە بىر غەيرەتكە بەل باغلىدىيۇ، تېرىغان زىرائەتلىرى باشاق تۇتمايلا ئەرزان سېتىشقا ئالدىراپ كەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئېغىر بەدىلى بىلەن ئاخىرلاشتى». ئەسەرنىڭ يەنە بىر يېرىدە شۇنداق دېيىلگەن: «نۆۋەتتە، ئامېرىكا، كانادا، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق بىر قىسىم كۈچلۈك ئەللەردە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كوزىر بولۇش ئېھتىمالى دىققەتنى چەكمەكتە. ھالبۇكى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار يا ئىقتىدارسىزلىقلىرىدىن، ياكى دۈشمىنىنىڭ ئىچكى توسالغۇلۇقلىرىدىن بۇ پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمەكتە. ئۇيغۇرلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چەتئەللەردىكى غوللۇق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يادروسىغا قەدەر سىڭىپ كىرگەنلىكى مەلۇم.»....

يىغىندىن كېيىن ھېلىقى يىگىتنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ماقالىسى باشقا ئۇيغۇر شۇناسلارنىڭ ماقالىسىدىن بەكرەك تەسىر قوزغىغان ئىدى. مەن «ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ چەتئەللەردىكى غوللۇق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يادروسىغا قەدەر سىڭىپ كىرگەنلىكى مەلۇم.» ھەققىدە ئۇنىڭ نىملەرنى بىلىدىغانلىقىنى سوراپ كۆرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم بىلگەن ئىدىم. يىغىننىڭ 3 - كۈنى، يەنى يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈزبەردى. ۋاقىت يېتىشمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن پەقەتلا مېنىڭ ماقالە ئوقۇشۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەجەپلىنەرلىكى، خوشلىشىدىغان كۈنى ھېلىقى سەككىز نەپەر ئۇيغۇرشۇناسنىڭ ھېچبىرى ماقالىسىنى كوپىيە قىلىۋېلىش ئۈچۈن سورىغان ئىجازىتىمنى قوبۇل قىلمىدى. خۇددى ھەممىسى پۈتىشىۋالغاندەكلا «پوچتا ئادرېسىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئارقىڭىزدىن ئەۋەتىپ بىرەي» دېگەن جاۋاپ بىلەن رەت قىلدى. تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكى، ئەمدى ماڭا قىزىقىدىغان ھېچكىم قالمىغان ئىدى. پۈتۈن يىغىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ چوقانلىرىغا تولغان بولسىمۇ، بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇيغۇر دەۋاسىغا مەدەت بېغىشلاۋاتقان بۇ يىغىن ئەھلىنىڭ ھېچ بىرى ماڭا تۈزۈك چىراي ئاچمايۋاتاتتى...

مەن بىلەن تەنەپپۇستا قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشقان ھېلىقى ئادەم، مېھمانخانىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا مېنىڭ بىلەن خوشلاشقان بىردىن بىر كىشى بولدى.

- ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا، بىردىن قەھۋە ئىچەيلى - دېدى «ئۇ» كۆزۈمنىڭ ئىچىگە مىقتەك قادىلىپ. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئاجايىپلا قاراش ئىدى بۇ. كۆزلىرىدىن بالقىپ چىقىۋاتقان نۇر گويا كۆلكىگە ئورالغان خەنجەرنىڭ ئۈزى ئىدى. توساتتىن بىر نىمىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، تېنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. باشلىرىم قېيىپ، خۇدۇمنى يوقاتقاندەك بولدۇم. «بەلكىم ئۇلداق ئەمەستۇ» دەپ ئۆز ئۆزۈمنى بەزلەشكە تىرىشىۋاتاتتىم. بۈگۈنكى ئوقۇشۇم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى... بۇنىڭسىزمۇ بۈگۈن ئەتىگەن ماقالە ئوقۇشۇم چەكلەنگەندىن بېرى كۆڭلۈم چىرىن يەۋالغاندەك غەش ئىدى.

- ۋاقتىڭىز بولمىسا مەيلى - دېدى «ئۇ» سوغۇق كۈلۈمسىرەپ - سىزگە يەنە بىر ئىلتىماسىم بار، قوبۇل كۆرەمسىز كىن، بىلمەيمەن.

- قېنى، مەرھەمەت - دېيەلىدىم ئارانلا.

- بۇ يىغىندا ئوقىيالمىغان ماقالىڭىزغا قىزىقىۋاتىمەن. ئۇنى ماڭا بىرەلەمسىز؟

- ئەلۋەتتە، خوشاللىق بىلەن - دېدىم ۋە چامىدانىمنى ئېچىپ، ماقالەمنى قولۇمغا ئالدىم. ماقالە بىلەن يىغىن ئەھلىگە كۆرستىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن رەسىملەر بىللە چىقتى. بۇ رەسىملەردە خىتايلارنىڭ بىر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسنى قىيىن - قىستاققا ئالغان نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى. جاننى ئالقانغا ئېلىپ تۇرۇپ قولغا چۈشۈرگەن بۇ پاكىتلارنىڭ بۇ يىغىن زالىنى لەرزىگە سېلىشىدىن گۇمانلانمايتىم.

- خالىسىڭىز، بۇ رەسىملەرمۇ سىزدە قالسۇن. كومپيۇتېرىمدا ھەممىسىنىڭ كوپىيسى بار - دېدىم.

«ئۇ» رەسىملەرگە شۇنداق بىر قاراپلا چۆچىگەندەك بولۇپ، بېشىنى كوتۈرۈپ ماڭا بىر قارىدى - دە، يەنە رەسىملەرگە، يەنە ماڭا، ئاخىر رەسىملەرنىڭ ئارقىغا مەن ئىنگلىز تىلىدا يېزىپ قويغان قىينالغۇچىنىڭ ئىسمى، يېشى، يۇرتى، سۈرەتكە تارتىلغان ۋاقىت، تورمىنىڭ ئورنى قاتارلىقلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىپ چىقىپ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپلا كەتتى. «بۇ ئەبلەخ خىتاي ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىرسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ئەجەپ بىر قىسما

بولۇپ كەتتىيا! دېگەنلەر خىيالىمدىن يالت قىلىپ كەچتىۋ، يەنە دەرھال ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ:

ـ بىر سائەتلا ۋاقتىم قالدى، مەن ماڭاي، ئايروپىلانغا ئۈلگۈرەلمەي قالماي ـ دېدىم. ئۇنىڭ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، ئاجايىپ بىئارام بولىۋاتقىنىدىن ھەر قېتىم ئۇيلارغا كېلىپ، نېمىلا بولمىسۇن بالدۇرراق قۇتۇلۇش قارارىغا كەلگەن ئىدىم.

ـ كەچۈرۈڭ، تېلېفون نومۇرىڭىزنى قالدۇرۇپ قويالامسىز ؟

ـ بۇ سوئال ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك تەستە چىقتى.

ـ كەچۈرۈڭ، ئېمائىل ئادرېسىمنى قالدۇرۇپ قوياي ـ دېدىم ـ دە، يېزىپ بېرىپلا خوشلاشتىم.

ـ ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرىۋالدىم. ئوقۇپ بولغىچە، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. تاماكىنى ئۆزمەي چېكىپ ياتاق ئىچىدە ئۆياقتىن ـ بۇياققا ئىككى سائەت ساراڭلارچە پېقىراپ يۈردۈم. تۇرۇپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلاتتى. تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتىم. تۇرۇپ ۋاقىراپ ـ جاقىرايتتىم. كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئاللا بۇرۇن ئۇيقۇغا كەتكەن قوشنىلارنىڭ كارىدورغا چىقىۋالغانلىقىنى، ئارامىمىزنى بۇزدۇڭ، دەپ ھەر خىل تىللاردا تىللاپ ۋاقىراشلىرى، ئىككى ياندىن، تۆپىدىن، ئاستىدىن تامنى ئۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى قۇلاقىمغا كىرمىگەن ئىدى. ئاخىر ساقچى كېلىپ، ئىكنى ئۇرۇپ ئۆز سالاھىيىتىنى مەلۇم قىلغاندا چىپ توختايتىمەن.. ساقچىدىن قورقۇپ چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، «بىز ساقچى، ئىكنى ئاچ!» دېگەن سادا مېنى ئېسىمگە كەلتۈرگەن ئىدى....

ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇيغۇر ئۈچۈن تولىگەن بەدەللىرىم، تارتقان دەرتلىرىمگە ھېچ قاچان پۇشمان قىلغان ئەمەسمەن. ھېلىھەم مىللىتىمنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئىستىقلالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەھدىمدىن يانغىنىم يوق. ئەمما چەتئەلدىكى بەزى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن نومۇس قىلىمەن ۋە گۇمانلىنىمەن. ئۇلارنىڭ قانداق بولۇپ بۇ مۇقەددەس دەۋانىڭ ساھىپلىرى بولۇپ قالغىنىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئۇلارنى ھىمايە قىلىۋاتقان، ئۇلارغا ئەگىشىۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلارغا ئېچىنىمەن، سەسكىنىمەن ۋە نەپرەتلىنىمەن.

ھېلىقى ئەپەندىم مۇنداق خەت يازغان ئىدى:

« ياخشىمۇسىز X X Xئەپەندى؟

ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن ۋە كەچۈرۈم جاۋابىڭىزغا ئېرىشەلىسەم شۇ تاپتىكى روھى ئازابلىرىمدىن ئازراق بولسىمۇ خالاس بولىمەن.

بۇ مېنىڭ مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن 50 يىللىق ھاياتىمدا سادىر قىلغان ئىككىنچى چوڭ خاتالىقىم.

ماقالىڭىزنى كۆرۈپ، سىزنىڭ خىتايغا سېتىلغانلىقىڭىزنىڭ يالغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۈم. بۇ ماقالىنىڭ يىغىندا ئوقۇلىشىنى چەكلەش ئىلتىماسى سۇنغۇنۇمغا پۇشمان قىلدىم. ئۆز مىللىي مەنپەئەتىڭىزگە سادىق بىر ئىنسانلىقىڭىزنى قەلىمىڭىزدىن تۆكۈلگەن ھەر بىر ئېغىز سۆز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىر خائىننىڭ قەلبىدىن ـ ئۇ ھەرقانچە ساختىكار بولغان تەقدىردىمۇ ـ بۇنداق ئازابلىق نالە ۋە غەزەپلىك پىغانلار ئورۇن تۇتالمايدۇ. ئېلىپ كەلگەن رەسىملىرىڭىزنىڭ قىممىتى شۇ قەدەر يۇقىرى، بۇ سىزنىڭ پاكلىقىڭىزنىڭ دەلىلى. بۇ رەسىم ۋە ماقالىڭىزنى كوپىيە قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە يوللىۋەتتىم. ئەلۋەتتە، يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

يىغىنىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى كەچ، سىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ رەھبىرىدىن بىر پارچە ئېمائىل تاپشۇرىۋالدىم. ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى سانايدىغان بۇ زات بىلەن گېرمانىيىدە چاقىرىلغان بىر تۈرك تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنى ياخشى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا ۋۇجۇدىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىخىلغانلىق تەسىراتىنى ئاجايىپ گەپدانلىقى بىلەن كۆڭلۈمگە نەقىش قىلىپ چېكەلىگەن بۇ ئىنسانىنىڭ ئۇ قەدەر ئەخلاقسىز ياكى ياتلىقنى ئويلىماپتىكەنمەن. يىغىندىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئىككى ئاي ئىلگىرى، بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، ياۋرۇپا ياكى ئامېرىكىدىن دوكتۇر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بولغان ئۈچ نەپەر بىتەرەپ ئۇيغۇرنى ماڭا تونۇشتۇرۇش ئىلتىماسىدا بولغان ئىدىم. ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئەمما يىغىن ئېچىلىشقا ئۈچ ھەپتە قالغۇچە جاۋابىغا ئېرىشەلمىدىم. ئاخىر تېلېفون ئۇرۇپ سۈيلەشكە مەجبۇر بولدۇم. «سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزگە لايىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى زادىلا تاپالمىدىم» دېدى. ئارقىدىن: «بىرسىمۇ يوق. خالىسىڭىز مەن قاتنىشاي، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى يېڭىچىلىك بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس، مەن مۇشۇ دەۋانىڭ ئادىمى، ۋەتەندىن يېڭى چىققانلار بۇ دەۋانى ئاز ـ تولا چۈشەنسىمۇ، سىياسەتنى چۈشەنمەيدۇ» دېدى. بۇنىڭ ئىلمىي بىلىش ئىكەنلىكىنى، سىياسەت سورۇنى ئەمەسلىكىنى تەستە چۈشەندۈردۈم. ئۇ ئۆزى قاتنىشىش ئىلتىماسىدا شۇنچە چىڭ تۇرۇپ نەتىجە قازىنالمىغاندىن كېيىن، ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆتكەندە تېررورىستلىق قالپىقى كەيدۈرۈلگەن بىر ياشنىڭ ياردىمى بىلەن سىز ۋە X X X ئەپەندىگە تەكلىپ بوللۇدۇم. ئەنە شۇ ئىنسان سىزنىڭ خېتىيغا سېتىلغانلىق ئېھتىمالىڭىز بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئارىمىزدا بۆگۈنكى ئۇقۇشماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. توغرىسى، ھەر ئىككىمىزنى ئازاپىقا گىرىپتار قىلدى. ئۇنىڭ خېتىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىنى قوشۇپ ئەۋەتتىم. ئەشۇ خىلدىكى ئادەملەردىن قەتئىي پەخەس بولۇش زۆرۈر. سىزنى كېلەر يىلقى يىغىنغا ئالايىتەن تەكلىپ قىلىمەن.

سىزدىن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سوراپ.

ھۆرمەت بىلەن: X X X 2004.01.15

ھېلىقى مۆھتەرەم رەھبىرىمىزنىڭ خېتى مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ھۆرمەتلىك X X X ئەپەندى، تەشكىلاتىمىز ۋە 30 مېليون ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن سىزگە چەكسىز ھۆرمەت ھەم تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈپ شۇنى سەمىڭىزگە سېلىشنى زۆرۈر بىلدۇقكى، يېقىندا ئىگىلىگەن ئىشەنچىلىك مەلۇماتىمىزغا ئاساسلانغاندا، سىلەرنىڭ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان «X X X» بىلەن «X X X» لار بىلىم ئاشۇرۇش باھانىسىدا ياۋرۇپاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن خىتاي جاسۇسلىرى بولۇپ، ئەسلى ۋەزىپىسى ياۋرۇپادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن ئاخپارات ئىگىلەش ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ۋەتەندىكى چاغدىلا خىتايلارغا سېتىلىپ، ئۆز ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتىنى پاش قىلىپ خىتايلار ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم. ئۇلارنىڭ ئۇشبۇ يىغىندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى سۆز قىلىشى مۇقەررەر. بۇ ھەقتىمۇ مەلۇماتىمىز بار. يىغىندا ئۇلارغا سۆز پۇرسىتى بەرمەسلىكىڭىزلارنى تەشكىلاتىمىز نامىدىن جىددى رىجا قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: X X X 2003.12.24

ئەتىسى، ئۆزۈم بىلىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان بىر قانچە كىشىگە تېلېفون قىلىپ، بولغان ئەھۋالارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ھاياتىنىڭ تەگدىن تولىسىنى مۇشۇ مۇقەددەس دەۋاغا سەرىپ ئەتكەن مۆھتەرەم پېشۋايىمىزمۇ، ۋەتەندە ھاياتىنىڭ خەۋپكە يولۇقىشىغا قارىماي كۆرەش قىلىپ، ئاقىۋەت ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋە بارلىقىنى ۋەتەن ئازاتلىقىغا سەرىپ ئېتىۋاتقان پىداكار ياش جەڭچىمىزمۇ بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم. شۇ قەدەر شۆھرەتپەرەس، شۇقەدەر ئىچى تار، شۇ قەدەر شەخسىيەتچى، شۇقەدەر رەزىل ئىنسانلار ۋەتەن دەۋاسىنى تەمسىل قىلىۋاتقان بولسا ـ ھە!؟

بۇخىل قىسمەتكە يولۇققۇچى يالغۇز مەن ئەمەسكەنمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۈندىن تۆت يىل ئىلگىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىغا خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بارغان بىرقانچە ياش ئەزىمەت ئۈستىدىن يىغىنغا قاتناشتۇرماسلىق مەقسىتىدە خائىنلىق تۆھمىتىنى يوللاپ خەت يازغانمۇ ئەشۇ رەئىس ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشقا دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغا توسالغۇ بولۇپ «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تەمسىلچىلىرى ئۇلار ئەمەس، بىز. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ ئۇلارغا بىمەنە تۆھمەتلەر ئارتىپ، يا ئۆزى كۆرۈشەلمىگەن، ياكى ئۇلارنى كۆرۈشتۈرمىگەن رەئىسمۇ شۇ ئىكەن. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياقتىن ياردەمدە بولىۋاتقان تۈرك تەشكىلاتلىرىغا رەسۋالارچە شىكايەتلەر ئېيتىپ، بۇ ياردەم يوللىرىنى بىر بىرلەپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقان رەئىسمۇ شۇ ئىكەن....

يا ئاللاھ، سۆزلىسە كىشىنىڭ تىلى كۆيىدۇ، ئويلىسا يۈرىكى پۈچىلىنىدۇ!

بىزنىڭ رەئىسلىرىمىز ئىچىدە ئۆزى قاتناشمىغان ياكى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلۈش ئورنى بولمىغان ھەرقانداق پائالىيەتكە باشقىلارنىڭ قاتنىشىشىنى خالىمايدىغان، ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مۇقەددەس دەۋا مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئىشتىراك ئەتكۈچىنىڭ يولىنى توسىدىغانلار بار ئىكەن. ھاياتىدا بىر ئۇيغۇرنى بىر ئىستىكان قەھۋە بىلەن مېھمان قىلىشقا چىدىمايدىغان، ئەگەشكۈچى ھاماقەتلەردىن ھە، دېسىلا «ۋەتەن دەۋاسى» ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، ئۇنىڭ ھېساۋاتىنى بېرىشنى خالىمايدىغانلار بار ئىكەن. ھوقۇقىدىن ئېلىنىپ كەتىسمۇ، تەشكىلات تامغۇسىنى تاپشۇرمايدىغان، ھەر قېتىملىق سايلامدا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قەدەر تېلفۇن قىلىپ، ئۆزىنى رەئىس نامزاتى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، باشقا تەشكىلاتلارنىڭ يىغىنلىرىغا، خىتايغا قارشى ئۇيۇشتۇرغان نامايىشلىرىغا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قاتنىشىشىنى مۇتلەق چەكلەيدىغان ۋە ئالاھىدە بىرمۇ بىر تېلېفۇن ئۇرۇپ، بىر تىيىنمۇ پۇل ئىئانە قىلماسلىقنى جېكىلەيدىغانلار بار ئىكەن. باشقا تەشكىلات ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرى ئارقىدىن ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇرغا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدىغان، ھەتتا تۆھمەتلەر ئويدۇرۇپ، ئۆسەك سۆز تارقىتىدىغان، ئۆزى بىۋاستە ئىنتېرنېتلاردا پىتنە ـ پاسات تېرىپ، باشقىلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدىغانلار بار ئىكەن.

ئۇلار ئۆز نامىنىڭ، سۈرەتلىرىنىڭ، قىلغان ئاز ـ تولا ئەمگەكلىرىنىڭ خەلقى ئالەمگە ئايان بولىشىغا شۇقەدەر خۇشتاركەنكى، گېزىتلىرىنىڭ پۈتۈن بەتلىرى ئۇنىڭ رەسىمى، بىرى مىڭ قىلىپ كۆپەيتۈرۈلگەن ئىشلىرى ۋە يالغان سۆزلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. ھەتتا ئۆزى بىلەن ھەمكارلاشمىغان ۋە قارشى مەيداندا تۇرغان سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە چېقىپ، پاناھلىق تەلىۋىنىڭ رەت بولىشىغا سەۋەپ بولىدىكەن ... قايسى بىرسىنى سۆزلەي؟!

ئەزىز قېرىنداشلىرىم، بۇ كەچمىشلىرىم ئارقىلىق سەمىڭلارغا سالماقچى بولغىنىم مۇنۇلار:

1992 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» ئىستانبۇلدا چاقىرىلغانغا قەدەر، خىتاي ھۆكۈمىتى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئىلھامى بىلەن پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن مىللىي ھېسسىيات دولقۇنى نەتىجىسىدە قانات يايغان سىياسى ۋە قوراللىق كۈرەشلەر خىتاينى تەشۋىشكە رام قىلىۋاتقان بىر پەيىتتە، ئىستانبۇلدا مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكىنى جىددى تەدبىرگە قىستىدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىن تۈركىيىگە ھەر خىل باھانىلار بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر جاسۇسلار خىتاي بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋىپسىزلىك نازارىتى» نىڭ بىۋاستە ھەم ۋاستىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قوماندانلىقىدا پائال ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ بارلىق ئاشكارە ـ يوشۇرۇن پائالىيەتلىرى، پىلان ـ پروگراممىلىرى ھەققىدە ئىز قوغلاپ، سوقۇنۇپ كىرىپ، ھەممە ئىجتىمائىي ئالاقە يوللىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر زامان تەپسىلىي مەلۇمات ئىگىلەش ۋەزىپىسىگە ھەيدەلدى. 1994- يىلىدىن ئېتىبارەن، شەرقىي تۈركىستاندا بىر مەزگىل خىتاي جاسۇسلۇق ئورگانلىرىغا مەخپىي خىزمەت قىلغان بىر قىسىم تەجرىبىلىك جاسۇسلار ھەم يېڭىدىن تەربىيىلىنىپ تېخى خەلق تەرپىدىن بايقالمىغان ياش جاسۇسلار گېرمانىيە، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سودىگەر، ئوقۇغۇچى، سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچى سالاھىيىتىدە يەرلەشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 1995 ـ يىلى 10 ـ 12 دېكابىر، 10 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئالماتادا ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى» نامىدىكى سىياسىي ئۇچرۇشىشى خىتاي جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى تېخىمۇ ئالدىرىتىپ قويىدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى» دىن باشقا، بۇ قېتىم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەرلىك نازارىتى» مۇ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا «بىخەتەرلىك نازارىتى» دىن ئايرىم ھالدا بىر بۆلۈك جاسۇسلىرىنى يوللىدى. 1996 ـ يىلىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە 1997 ـ يىلىدىكى مىللىي مەركەز قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى جاسۇسلىرىنىڭ سانىنى ئارتتۇرۇشقا كىرىشىپلا قالماي، شۇ دۆلەتلەردىكى سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولغان ياكى بۇ تەشكىلاتلار رەھبەرلىك يادروسىدا ۋەزىپىسى بولغان كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1998 ـ يىلىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە 1999 ـ يىلىدىكى مىللىي قۇرۇلتاي، بولۇپمۇ 2000 ـ يىلىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى خىتاينى ئۆزلۈكسىز جاسۇس كۆپەيتىشكە مەجبۇرلىدى ھەم نىشانىنى تەشكىلاتلار مەركىزىدىكى تەسىرى ۋە رولى بولغان كۈچلەرنى تەسلىم قىلىشقا قاراتتى.

1997 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى زور مىقداردا مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، ئۆز جاسۇسلىرىنى تەشكىلاتلاردىن ئاخبارات ئىگىلەشتىن، تەشكىلات ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىپ رەھبەرلىك يادروسىنى كونترول قىلىش، جاھىل كۈچلەرنى ھەرخىل پىتنە ـ پاساتلار ئارقىلىق چۈكتۈرۈش ۋە يېتىم قالدۇرۇش، تەشكىلاتلار ئارا زىددىيەت سېلىش ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قەدەر ھەرىكەتلەندۈرگەن ئىدى. 2002 ـ يىلى گېرمانىيىدە چاقىرىلغان ئىككى قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدىن كېيىن بۇ ھەرىكەتلەر ئىزچىل داۋام قىلىپلا قالماي، خىتاينىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىيە يەنە بەزى تەشكىلات رەھبەرلىرىنى، ھەتتا پۈتۈن بىر تەشكىلاتنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇشتىن ئىبارەت خەتەرلىك دەرىجىگە يەتتى. بۇ مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تەپسىلاتى ئەلۋەتتە، ئىشەنچلىك كىشىلەرگە يەتكۈزۈلدى. بۇ ئارقىلىق شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇشنى تەكىتلەيمەنكى، ھازىر ياۋروپادىكى بەزى تەشكىلاتلار مەركەزلىرىدە خىتاي جاسۇسلىرى رەھبەرلىك ئورنىدا خىزمەت قىلماقتا. تەشكىلات رەئىسلىرى ئۇلارنى يا بىلمەي، ياكى مەقسەتلىك ھالدا ھېمايىسىغا ئالماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، گېرمانىيىگە قەدەر بىر يىپقا باغلانغان بۇ جاسۇسلار ۋە ئۇلارنىڭ ھېمايىچىسى بولغان رەئىسلەر يالغۇز ئۆز تەشكىلاتىنىلا ئەمەس، ئۆزلىرىگە رەقىب سانىغان، خىتاينىڭ كۆزىگە مىق، يۈرىكىگە خەنجەر بولۇۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنىمۇ سېتىپ، ئۇلارنىڭ دەۋا يولىدا بېسىۋاتقان قەدەملىرىنى چەكلىمەكتە. ئىنتايىن مۇھىم بولغان خەلقئارالىق بىرلەشمە يىغىنلىرىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا....

كىشىنى غەزەپتىن ئۆرتەيدىغىنى شۇكى، تېخى يېقىندىلا، ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ھەرھۆم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ نەزىرىسىگە قاتنىشىدىغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى

www.uyghurkitap.com



خىتاي ۋە تۈركىيە ھۆكۈمەتلىرىگە سۇنۇپ، «ئۇلار نەزىر باھانىسىدا بىرلەشمە قۇرۇلتاي چاقىرماقچى...» دەپ مەلۇمات يوللاش سۇيىقەستىگە ئەشۇ رەئىسنىڭمۇ قاتناشقانلىقى قىياسلاردىن مەلۇم. تۈركىيىگە نەزىرگە كەلگەن ياشلار قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا قاتارلىق 70 كىشىنى خەتەرلىك شەخسلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، خىتايىنى دەرھال تەدبىر قوللىنىشقا كۈشكۈرتكەن مۇناپىقلار قاتارىدا ئەشۇ رەئىسنىڭمۇ بارلىقى پەرەز ئېچىدە. 17 - دېكابىر نەزىر كۈنى ئىدى. 13 - دېكابىردىن باشلاپ ھەرقايسى ئەللەردىن يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئىستانبۇلغا يىغىلىشقا باشلىغان. 15 - دېكابىر خىتاي ھۆكۈمىتى تېررورلۇق بۆھتانىنى ئېلان قىلدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپلا دولقۇن ئەيسا قاتارلىق «تېررورىست»لارنى جىددى ئىزدەشكە كىرىشتى. خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ دولقۇن ئەيسانى تۈركىيىدىلا تۇتۇش ئۈچۈن چىقارغان كۈچى ۋە قوللانغان تەدبىرلىرى ئاجايىپ بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن دولقۇن ئەيسا بۇ تورغا چۈشمىگەن ...

ئوتتۇرا ئاسىيا خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ بولدى. ئۇ يەردە مىللىي مۇجادىلە بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانى ئىنتايىن چەكلىك. تۈركىيە زاتەن دەۋايىمىز ئۆلگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن زېمىن. ئۇنى تېرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن بىر زامان كېرەك. گېرمانىيە مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى سېپىدىكى پىداكار كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولسىمۇ، خىتاي - گېرمانىيە ئىش بىرلىكى ۋە كۆزنىسىرى قوزىتراۋاتقان جاسۇسلار ھەم ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ تۇسالغۇلىرى سەۋەبلىك بۈيۈك مۇۋەپپىقىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىقى بەسى مۈشكۈل بىر زېمىن. خائىنلار تازىلانمىغاندا، نامۇۋاپىق رەئىسلەر شاللانمىغاندا ۋە بىرلەشمە قۇرۇلتاي سېپى پاكلانمىغاندا ياۋروپادىمۇ بۇ دەۋا سوغا چېلىشىدۇ. دەۋانىڭ يەنە بىر ئىستىقبال ئۈمىدى ئامېرىكا قىتئەسىدە. ئىشنى شۇ يەردە ئاقتۇرۇش ۋە روناق تاپتۇرۇشقا كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرمەك كېرەك.

(بېشى 39 - بەتتە)

رادىيو قانالىلىرى مەخسۇس زىيارەت خاتىرىلىرىنى ئاڭلاتتى. خىتاينىڭ بۇ باياناتى ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تۈگىنى تەۋرىتەلمىدى. بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇپ، يەنىمۇ يۈكسەك پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كەلتۈردى. ئۇلار ئۆز مېھنەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەن ئىدى. خىتاينىڭ قانچىلىك جېنىغا تېگىپ، بۇ باياناتنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلىيالىغانلىقىنى، خىتايغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان رەقىپلىك دەرىجىسىگە يەتكىنىنى تونۇپ يېتىپ، پەخىر تۇيغۇسى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەل پىلانلارغا باش ئۇرۇش يولىنى تاللىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن خىتاينىڭ باياناتى قوبۇل كۆرۈلۈپ، ھەقسىز خەتەرگە يولۇققان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. «ھەر دەۋانىڭ بىر بەدىلى بار» دەيتتى ئۇلار ۋە ھەر قاچان بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ شەرەپ ئۇلارغا نېسىپ بولغان ئىدى.

ئاڭلىسام، خىتاينىڭ رامكىسىغا كىرىش ئالدىدىكى بەزى تەشكىلات رەھبەرلىرى «ياشلار قۇرۇلتىيى ئىشنى قاملاشتۇرۇپ ئېلىپ بارالىغان بولسا بۈگۈنكى ئاقىۋەتكە قالمايتتى. ياشلار قۇرۇلتىيى ئەمدى تۈگەشتى. ياۋروپانىڭ مىللىي مۇجادىلە سەھنىسى بىزگە ئۆتكىچى قالدى» دەپ گەپ سېتىپ يۈرەرمىش ۋە ئۆزى بىۋاستە ئىنتېرنىتتا ياشلار قۇرۇلتىيىنى تىللاپ ماقالىلار يېزىپ يۈرەرمىش. نىمىگە ئۇنداق قىلىسەن؟ دەپ سورىسا، ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى، دەپ جاۋاپ بىرەرمىش. لەنەت بولسۇن!

ئاقلىنىشقا مەجبۇر ئەمەسمىز. چۈنكى ئاق بىز. خىتاي تېررورىست دىسە ۋە باشقىلار ئېتىراپ قىلسا تېررورىست بولۇپ قېلىۋېرىمىز. سەۋەپ: زامانىنىڭ پەيلى شۇنداق. تاكى مۇستەقىل ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتى قەد كۆتەرگەنگە قەدەر بېشىمىزغا كۈرمىڭ بالالار كېلىدۇ ھەم ھەممىسى تارىخقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما يوقالمايمىز ۋە يوقىتالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com



بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

# پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرى

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى

هەزرىتى ئادەمدىن كېيىن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قۇرئانى كەرىمنىڭ سۈرە مەريەم 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر ۋە سۈرە ئەنبىيا 85 ـ 86 ـ ئايەتلەردە ئېنىق بايانلار بار. ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ كاتتا رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىكى ئايەتلەردە قەيت ئېتىلگەن.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالاممۇ هەزرىتى ئادەمگە ئوخشاش مۆجىزىلەر ساھىبى ئىدى. پەرىشتىلەرنىڭ نۇردىن يارىتىلغانلىقى، ئادەملەرنىڭ ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلىقى قۇرئانى كەرىم بايانلىرىدىن ئايان. ئەمما كۆكتىكى ۋە يەردىكى پەرىشتىلەرنى كۆرۈش خىسلىتى هەزرىتى ئىدرىسقا نىسىپ قىلىنغان. ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ تېپىك مۆجىزىلىرىدا قاتارىدا ئۇنىڭ بۇلۇتلار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانلىقى زىكرى قىلىندۇ. ئۇ بۇلۇتلارنى توپلان دېسە توپلىنىپ، تارقال دېسە تارقىلىپ، نەگە بۇيرىسا شۇ يەرگە بېرىپ، خالىسا يامغۇر بولۇپ قۇيۇلىدىغانلىقى قۇرئانى كەرىم بىشارەتلىرىدىن مەلۇم. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام ئىجاد قىلىپ ئەۋلادلىرىغا ئۆگەتكەن ئىلغارلىقلاردىن تېپىك بولغانلىرى تۆۋەندىكى تۆرت تۈرلۈكتىن ئىبارەت:

1 . تۇنجى قېتىم كىيىم تىككۈچى ۋە كەيگۈچى هەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ دەرەخ ياپراقلىرى ۋە هايۋان تېرىلىرىنى كىيىم ئورنىدا قوللانغانلىقى، هەزرىتى ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئەۋرەتلىرىنى دەرەخ ياپراقلىرى بىلەن توسقانلىقى قۇرئانى كەرىمدە ئەسكەرتىلگەن. ئىنسانلار ئەنە شۇ هەزرىتى ئىدرىستىن باشلاپ كىيىم كېيىشنى ئۆگەنگەن.

2 . تۇنجى قېتىم قەلەم تۇتۇپ، يېزىشنى باشلىغان هەزرىتى ئىدرىستۇر.

3 . تۇنجى قېتىم ئۆلچەم بىرلىكى قوللانغان هەزرىتى ئىدرىستۇر. بۇ زاماندا ئىنسانلار ئارىسىدا ئېلىش ـ بېرىش ئىشى باشلانغان بولۇپ، ھېساپ ـ كىتابنىڭ ئېنىقلىقى ئۈچۈن ئۆلچەم قوللىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇ زۆرۈرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن هەزرىتى ئىدرىس چىققان.

4 . تۇنجى بولۇپ ھۇجۇم ۋە مۇداپىيە قوراللىرىنى ياسىغان هەزرىتى ئىدرىستۇر. بۇ زاماندا هەزرىتى ئادەم ئەۋلادلىرىدىن هابىل بىلەن قابىل ئوتتۇرىسىدا باشلانغان جېدەل كېيىنلەرگىمۇ مىراس قالغان بولۇپ، ئادەم ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى ماجرا بېسىقمىغان.

هەزرىتى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ 360 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى مەلۇم.

# نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى

ھەزرىتى ئىدرىس بىلەن ھەزرىتى نۇھ ئارىسىدا قانچە ئۇزۇن زامان ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. ھەزرىتى نۇھ 50 يېشىدا پەيغەمبەر بولدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئېرىشكەن دەۋىر يەر يۈزىدە گۇناھى كەبىر ئارتقان ۋە بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئالغان بىر زامان بولۇپ، ئىنسانلار «ۋەدد ـ ئەركەك»، «سۇۋا ـ ئايال»، «يەغۇس ـ ئارىسلان»، «يەئۇك ـ ئات»، «نەسر ـ قارتال» قاتارلىق بۇتلارنى ئىلاھ ساناپ چوقۇنۇپ يۈرەتتى. بۇ بۇتلار ياغاچتىن، تاشتىن ياسالغان ھەيكەللەر ئىدى. بۇتپەرەسلىكنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەبۇ جافەر مۇھەممەد ئىبنى باكىر ھەزرەتلىرىنىڭ مۇنداق بىر رىۋايىتى بار: «ۋەدد ـ مىللىتى تەرىپىدىن سۆيۈلگەن ۋە كامالەتكە يەتكەن بىر ئەركەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەممىنى ئېغىر ئازاپقا گىرىپتار قىلدى. ئۇنىڭ بابىل ئەتراپىدىكى قەۋرىسى ئىنسانلارنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن شەيتان: خالىسىڭىزلار ئۇنىڭ بىر ھەيكىلىنى ياساي ـ دە، ئۇمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا بولسۇن، دېدى. ھەيكەل ياسالدى. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ۋەدد كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما بۇتقا چوقۇنۇش ئادەت شەكلىدە داۋام قىلدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى بۇتچىلىق مانا شۇنداق باشلاندى.»

نۇھ قەۋمى پاسقىلىقتا كامال تاپقان بىر قەۋم بولۇپ «**ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى.** ـ ئەنبىيا سۈرىسى، 77» دەيدۇ قۇرئانى كەرىمدە ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنى نىمە ئۈچۈن بۇ قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە كۆپ يەردە توختىلىدۇ. «**بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن، دەپ ئەۋەتتۇق.** ـ نۇھ سۈرىسى، 1.»

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ھىدايەتكە ئۈندەپ ناھايىتى كۆپ ئەجىر قىلدۇ ۋە ئازاپ چېكىدۇ. ئەمما ئازغىنا كىشىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، نۇھ قەۋمى ئىمان ئېيتمايدۇ. ئەكسىچە ھەزرىتى نۇھنى يالغانچى، ساراڭغا چىقىرىپ جازالايدۇ. ھەتتا چالماكېسەك قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى ھىدايەتكە ئۇلاشتۇرالمىغان پەيغەمبىرىمىز نۇھ، ئاللاھقا شۇنداق رىجا قىلدۇ: «**پەرۋەردىگارىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى. مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى قۇتقازغىن.** ـ شۇئارا سۈرىسى، 117 ـ 118». ئاللاھتائالا ھەزرىتى نۇھقا مۇنداق ۋەھيى قىلىدۇ: «**قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن. بىزنىڭ كۆز ئۆڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەققىدە ماڭا شاپائەت تىلەپ سۆز ئاچمىغىن، ئۇلار چوقۇم توپان بالاسىدا غەرق قىلىنىدۇ.** ـ ھۇد سۈرەسى، 36 ـ 37»

ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ۋە ھەربىر جانلىقتىن بىر جۈپتىن ئېلىپ كېمىگە چىقىدۇ. ئايەتلەرگە كۆرە، ھەم

كۆكتىن قاتتىق يامغۇر تۆكۈلىدۇ ھەم يەردىن سۇلار ئېتىلىپ چىقىدۇ. قۇدرەتلىك توپان بالاسى كېمىدىكىلەردىن باشقا بارلىق جانلىقنى ھالاك قىلىدۇ. توپان تاكى رەببىمىز: «ئەي كۆك يامغۇرۇڭنى تۇت، ئەي زېمىن سۇيۇڭنى يۇت. ـ ھۇد سۈرىسى 44» دەپ ئەمر قىلغانغا قەدەر داۋام ئېتىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ھاياتى يەر يۈزىدە يەنە داۋام قىلىدۇ. ئايەتلەردىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ۋە 900 يىل قەۋمى ئىچىدە مۇجادىلە قىلغانلىقى مەلۇم. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاللاھ ھوزۇرىدا مەقبۇل بولىدىغانلىقى ۋە دۇئاسى بەرىكىتى بىلەن قۇرۇق ياغاچنىڭ مېۋىگە كىرىدىغانلىقى، بىر دەرەخنىڭ بىرقانچە خىل مېۋە بېرىدىغانلىقى، بەزى شەيئىلەرنىڭ يېيىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. رىۋايەتلەردىن يەنە، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تاغلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ھەمرا بولۇپ يول يۈرىدىغانلىقى مەلۇم. نۇھ ئەلەيھىسسالام كۇفە تاغلىرىدا قەۋمىنى ھىدايەتكە ئۈندەپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئازغۇنلار ئۇنىڭدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىمانغا كەلتۈرمەك ئۈچۈن مۆجىزە كۆرسەتكەن. يەنى ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، ئەتراپتىكى پۈتۈن قۇرۇق ياغاچلارغا دۇئا قىلىپ، مېۋىگە كىرگۈزگەن. توپاندىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر تال قۇرۇق ياغاچنى تۇپراققا سانجىپ دۇئا قىلغان. ياغاچ بۈيۈك بىر دەرەخكە ئايلانغان ۋە ھەر خىل مېۋە بەرگەن. بۇنداق بىر مۆجىزە بولمىغىنىدا، توپاندىن كېيىنكى قاقاس دۇنيادا ھاياتنى داۋام ئەتمەكمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

(بېشى 21 ـ بەتتە)

دېگەن بۇ شەرەپلىك ئۇقۇمغا قارا چاپلىغانلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۆز تارىخىمىزغا، ئۆز ئەجدادلىرىمىزغا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىمىز بولىدۇ. ھەممە نېمىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ، 50 مىڭ كىشىگە يەتمەيدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلار سانىنى بۈگۈنكى ئون مىليونلۇق ئاپەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇشىمىزنى «يېرىم ئەسىرلىك مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسى» دەپ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا يېزىپ قالدۇرىشىمىز، تارىخىمىزدىكى ئەڭ نومۇسسىز ئەجدادلاردىن بولغانلىقىمىزنى كۆرسەتكەنلىكىمىز بولىدۇ، خالاس!

خۇلاسىلىغىنىمىزدا، بۈگۈنكى قورچاق ئەمەل ئۇستىدىكىلەرنىڭ، قورچاق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دۈشمەنگە زەربە بېرىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ تۇرۇشلۇق، خەلقىمىزنى دۇنيا جامائىتىگە تونۇتالىغانلار قولىدا ھېچ نەرسىسى قالمىغان ئەڭ نامرات بارىن قەھرىمانلىرى بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، ۋەتىنىمىز مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ تۈپكى مەقسىدى بىر قانچە مىڭ باتۇرىمىزنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆپەيتكۈزمەسلىك، ئۇلارنى ئازايتىش، ئۇلارنى ۋەتىنىمىزدىن تەل - تۆكۈس قوغلاپ چىقىرىشتۇر! مانا بۇ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تەقەززاسى، مانا بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى، مانا بۇ بۈگۈنكى مىللىي شەھەر ئاھالىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى نومۇرلۇق جىددىي ۋەزىپىسى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ختاي مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن «تېررورىستىك تەشكىلات» ئاتالغاندىن كېيىنكى بىر قانچە ئايدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

ختاي مۇستەبىتلىرى 2003 - يىلى 15 - دېكابىر ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسانى تېررورىست ئاتاپ بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ياشلار قۇرۇلتىيى قانداقتۇر دۈشمىنىمىز ختاي ئويلىغاندەك ئۇجۇقۇپ كەتمىدى، بەلكى 2004 - يىللىق ھەرىكەت پىلانىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، خەلقىمىز ۋە دۇنيا جامائىتى ئالدىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا ۋەكىل ئەۋەتتى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆتكەن يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قۇرۇلتىيىمىز رەئىسى مەمەت توختى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئېلىپ بارغان سۆھبەتتىن باشقا، بۇ يىل 1 - ئايدا يەنە مەمەت توختى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قايتا سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھىمايىسى ۋە ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى.

نېپالدىكى ئېغىر قېيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىنى ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمگە ئىگە قىلدى.

5 - فېۋرال كۈنى مۇنخېندىكى ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا «5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» نىڭ يەتتە يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سابىق رەئىس دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدا نامايىش ئېلىپ بېرىپ، ختاي ئەلچى ۋەكىللىرىنى ساراسىمىگە سالدى.

3 - 4 - ئاپرېل كۈنلىرى گېرمانىيىدە چاقىرىلغان خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىغا ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئابلىكىم ئىدرىس باشچىلىقىدا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ختاينىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى.

7 - ئاپرېلدىن 10 - ئاپرېلغىچە جەنۋەگە سابىق رەئىس دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدا بىر مىنبۇس ۋەكىل ئەۋەتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى يۇقىرى كومىسسارلىقىنىڭ 59 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ۋە ختاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇقى، شەرمەندىچىلىكىنى دۇنيا جامائىتىگە بىلدۈردى. ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە شۋېتسارىيىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىرگە ب د ت بىناسى ئالدىدا ختايغا قارشى غەزىپلىك نامايىش ئېلىپ باردى.

5 - ئاپرېل كۈنى يەنە گېرمانىيىنىڭ مۇنخېن شەھرىدە «بارىن ئىنقىلاۋى» نىڭ 14 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ باردى. بارىن قەھرىمانلىرىنىڭ روھى مەدھىيىلەندى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۆز مىللىي ئىستىقلالىيىتى يولىدا قۇربان بولغان شېھىتلىرىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باسىدىغانلىقى ۋە تاكى مۇستەقىللىققا ئېرىشمىگۈچە بۇ كۈرەشنىڭ ئەسلا توختىمايدىغانلىقى نامايىشچىلارنىڭ جاراڭلىق شۇئارلىرى ئارقىلىق جاكالاندى.

19 - ئاپرېل كۈنى يەنە ئىككى قۇرۇلتاينىڭ بىرلىشىشىدىن ۋۇجۇدقا چىققان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» گە قاتنىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە ياشلار قۇرۇلتىينىڭ مۇنخىندىكى ئەزالىرى بىلەن بىرگە خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ھەرقانداق بوھتانلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئۇجۇقتۇرالمايدىغانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى يوقىتالمايدىغانلىقىنى خىتاي ۋەكىللىرىگە ھەم گېرمانىيە خەلقىگە بىلدۈردى.

تەشكىلاتىمىز ئۆتكەن يىلىدىن باشلاپ پىلانىغا ئالغان، يولغا قويغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە خەلقئارا كۈچلەر، دۆلەتلەر، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىدىن بۇ يىل ياخشى جاۋاپقا ئېرىشتى.

شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇزاكىرە يىغىنلىرىغا، كانادا تاشقى ئىشلار ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارغا رەئىس مەمەت توختى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللىرىمىز ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى.

ئۆتكەن يىلى 6 - ئايدا باشلانغان مۇستەبىت خىتاي جاگىرىمىنى خەلقئارا سوتقا تارتىش كوللىگىيىسىگە ئىشتىراك قىلىپ، كانادا فېدىرال ئالىي سوت مەھكىمىسىگە سۇنغان شىكايەتنامىگە ئىمزا قويدى ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تورونتودا ئۆتكۈزۈلگەن تۆت چوڭ كونفىرانس، ئۈچ چوڭ تەييارلىق يىغىنىغا قاتناشتى.

يېقىنقى كۈنلەردە ۋەتىنىمىزدىن خىتاي زۇلمىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن قېچىپ چىققان يەتتە نەپەر سېرىك ئويۇنچىسى قېرىندىشىمىزنىڭ كانادا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلەش ئىشلىرى قۇرۇلتىيىمىز رەئىسى مەمەت توختى باشچىلىقىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇۋەپپىقىيەتلىك ۋۇجۇدقا چىقتى. خىتاينىڭ بېسىملىرى ۋە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ قىلىندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا گېزىت - ژورناللار 500 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى.

كانادادا ئىندىئانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قويۇقلاشتى. ئىندىئانلار مىللىي كونفېدىراتسىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار ئېلىپ بېرىلدى ۋە سۆپەتلىك تېرىگە ئىندىئانلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئاي - يۇلتۇزلۇق دۆلەت بايرىقىمىز تەقدىم قىلىندى.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى مەھبۇس قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ب د ت مۇساپىرلار بۆلۈمىگە مۇراجەئەتلەر قىلىندى ۋە بۇ مۇراجىئەتلەرنىڭ قىسقارتىلمىسى ئامېرىكا گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىندى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر سىياسىي زاتلىرىنى تېررورىست ئېلان قىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ب د ت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا خىتاينىڭ بۇ شەرمەندە سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ مۇراجىئەتلەر يوللاندى. قىسقىسى، ياشلار قۇرۇلتىيى پائال ھەرىكەتتە!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەسلى تېررورىست خىتاي ھۆكۈمىتى!

مەمەت ھېبىبۇللا

2003 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر، خىتاي ج خ مىنىستىرلىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىجانىدىل كۈرەش قىلىپ كەلگەن جەڭگىۋار قوشۇنلىرىمىزدىن «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»، «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» قاتارلىق تۆت تەشكىلاتنى ۋە كۈرەش سېپىمىزدە ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، مىللەتسۆيەر پەزىلىتى ھەم پىداكارلىق خىسلەتلىرى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلۇپ كەلگەن مەمتىمىن ھەزرەت، دولقۇن ئەيسا قاتارلىق 11 نەپەر قەيسەر ئىنقىلاپچىلىرىمىزنى تېررورىستىك تەشكىلات ۋە تېررورىزىمچى شەخس ئېلان قىلىپ، نۆۋەتتىكى تېررورىزىمغا قارشى خەلقئارا مۇھىتتىن پايدىلىنىپ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈچلىرىنى يېتىم قالدۇرۇش، يوقىتىش سۈيقەستىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئىدى. تەلىيىمىزگە، دۇنيانىڭ ساقچىسى بۇ بوھتاننى ھازىرچە رەت قىلدى. ياۋروپا سانائەت تەرەققىياتىنىڭ مەركىزىمۇ تازا ئىشەنمىدى. خىتاينىڭ بۆكىدە تەرلەۋاتقان تۈركىيە بولسا تەڭقىسلىقتا قالدى. چۈنكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ تېررور نىمە، مۇستەقىللىق كۈرىشى نىمە، دېگەن مەسىلەرگە بېرىدىغان جاۋابى خىتاينىڭكىگە ئوخشىمايتى. يەنە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنى رەت قىلىشقا مەنتىقىگە ئۇيغۇن بىر ئاساسمۇ يوق ئىدى. بۇ مەقسەد يولىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشلەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ تېررور تونىغا لايىق كەلمەيدىغانلىقى دۇنياغا ئايان ھەقىقەت

سانىلاتتى. كىمنىڭ ھەقىقى تېررورىست ئىكەنلىكى ھەققىدە بولسا ئۇلارنىڭ مەلۇمات ئامبىرىدا يېتەرلىك دەلىللەر چېچىلىپ ياتاتتى. نۆۋەتتىكى خۇسۇسى مەنپەئەتلەر نۇقتىنى نەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ دۆلەتلەر خىتايدىن ئېرىشىۋاتقان ئىقتسادى ۋە سىياسىي نەپلىرى تۈپەيلى ئۇ دەلىللەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، خىتاينىڭ بۇ شەرمەندە بوھتاننى ھەر زامان ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئېتىراپ قىلغۇدەك دەرىجىدىكى توقۇلما ئاساسنى خىتاي قاملاشتۇرۇپ لايىھىلىيەلمىگەنلىكى ياكى خىتاي بىلەن بولغان ئىچكى سودىلىرى تەلەپكە لايىق پۈتمىگەنلىكى ۋەياكى دۇنيا جامائىتى ئالدىدا بۇ قەدەر قارا يۈزلۈك قىلىشقا قانۇنلىرى، دۆلەت نوپۇزلىرى، مەدەنىيەت تەبىئەتلىرى يول قويمىغانلىقى سەۋەپلىك بۇ سۈيقەست ھە، دېگەندە خېرىدار تاپالمىدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت نامەلۇم گورۇھنىڭ تېررورىستىك تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانغا ئوخشاش، تېررور بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان، تېررورنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ تەشكىلاتلىرىمىزنىمۇ دۈشمىنىمىزنىڭ تەلۋىگە يارىشا ئېتىراپ قىلىپ، خىتاينىڭ دۆلەت تېررورىنى خالىغانچە يۈرگۈزۈشىگە زىمىن ھازىرلاپ بېرىش ئامېرىكا ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ھەرھالدا يا ئادالەت ياكى ئېرىشەلمىگەن مەنپەئەت ئامېرىكىنى بۇ قارارغا كەلتۈرمىدى. خىتاي بىلەن 40 مىليارد دوللارلىق سودىغا قەدەم باسقان گېرمانىيىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى بىر قانچە يۈز ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىگە ئولتۇرىشى، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» دىن ئىبارەت ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ بىر تىپىنلىق دۆلەت ياردىمىگە ئېرىشىپ باقمىغان ۋە خىتاي بىلەن بولغان سودىلىرىدا ھەرئان كۆزىرلىق ۋەزىيىتىنى ھەقسىز ئۆتەپ بېرىۋاتقان ئىككى تەشكىلاتنى يوق قىلىۋېتىشى پىرىنزىدېنت شىرۆدېرنىڭ كونا خوتۇنىنى تاشلىۋەتكىنىدىنمۇ ئاسان ئىش ئىدى. تېخى يېقىنقى ئاي ئىلگىرى شىرۆدېر خىتايغا قىلغان زىيارىتى جەريانىدا، ئەگەر خىتاي: «ئەمەلگە ئاشقۇسى 40 مىليارد دوللارلىق سودا كېلىشىمى ھەم خىتاينىڭ، ھەم گېرمانىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، بىز بۇ توختامنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. بىرلا شەرتىمىز: گېرمانىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانچى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى چەكلەشكە ھۆكۈمېتىڭىزلار ياردەم قىلسا، ئۇلار تېررورىزىمچى ئۇنسۇرلار، بېشىمىزنى قاتتىق ئاغرىتماقتا، بىزدە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە دەلىل - ئىسپاتلار ھازىر» دېگەن بولسا يۈزىنى داپتەك قىلىپ، خىتاينىڭ ئۆز دۆلىتىنى تېررورىستىك كۈچلەرنىڭ ئۇۋىسى ساناۋاتقىنىغا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، نىھايەت شىرۆدېر جاۋابەن: «گېرمانىيە تېررورىزىمغا قارشى كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى دۆلەت. ئەگەر ئۇلارنىڭ تېررورغا ئائىت قىلمىشلىرى ھەققىدە ھەقىقەتەنمۇ يېتەرلىك دەلىللەر بولسا، ھۆكۈمېتىڭىزلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يوقىتىشقا بىز تەييار» دېگەن بولسا مەنپەئەت ئېھتىياجى يۈزىسىدىن خىتاينىڭ شەرمەندىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە خىتاي ھەقىقەتەنمۇ گېرمانىيىنى ئاز - تولا قايىل قىلغۇدەك بىر توققۇلما ماتېريال بىلەن تەمىنلىيەلىگەن بولسا، بۇ كەمگىچە ئىككى تەشكىلات ۋە گېرمانىيىدىكى ئاتالمىش ئىككى تېررورچىدىن دولقۇن ئەيسا بىلەن ئابدۇجېلىل قارىقاش ئاللابۇرۇن ئىسكەنجىگە ئېلىنغانمۇ بولار ئىدى. بۇ ئىككى تەشكىلات ۋە ئىككى شەخسنىڭ قانداقلىقىنى بولۇپمۇ، 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ئۇلار تولۇق بىلىش ئىمكانىغا ئېرىشكەن ئىدى. گېرمانىيىمۇ ھەرھالدا — تەكشۈرۈشلىرىنى داۋام ئېتىۋاتقان بوسىمۇ — يوقىتىۋېتىش ياكى سېتىۋېتىشكە ئالدىرىمىدى. خىتاينىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئۇيغۇر سىياسى پائالىق ئېلىگۈچىلەرنى جازالاۋاتقىنى يېتەرلىك ئىدى. بۈگۈنكى تۈركىيە - ئىككى يىل ئىلگىرىكى تۈركىيىگە سەل ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ياۋرۇپا بىرلىكىگە كىرىشتىن ئىبارەت شىرىن چۈشىگە دەخلى يېتىپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى ئاز - تولا ئىمان، ۋىژدان، قان قەرزىنى ھېس قىلمىدىمۇ، بىلىنىپ بولمايدۇ. تۈركىيىدە قىسماققا ئېلىنىش خەۋپى يۇقىرى پروسەنتىگە يەتكەن ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسانى تۇتۇپ، خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمىدى. بۇ چاغدا دولقۇن ئەيسا تۈركىيىدە ئىدى ۋە تېررورىست ئاتىلىپ بولغان ئىدى. خىتاي ۋە خىتايپەرەس تۈرك جاسۇسلىرى تۇشمۇ تۇشتىن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. ئىستانبول ئايرپورتىدا تۆت سائەت سوئال - سوراق بىلەن تۇتۇپ قىلىنغاندىن باشقا خەتەرگە ئۇچرىمىدى. مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغان بۇ ئۇچرۇشۇشقا چەتئەللەردىن كېلىدىغان مېھمانلارنى چەكلەشتىن باشقىنى تۈركىيە قىلمىدى. بۇ ھەرھۇم ئەيسا ئەپەندىنىڭ نەزىرىسى ئىدى. تۈركىيىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نەزىر ئۆتكۈزۈشمۇ شۇنچىلىك تەسكە چۈشۈۋاتقان بىر ۋەزىيەت ئىدى. ھەتتا دادىسىنىڭ نەزىرىسىنى بېرىش ئۈچۈن گېرمانىيىدىن كەلگەن ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىمۇ تۈركىيە ئايرپورتىدا ئىككى سائەت ئاۋارە قىلىندى...

ئىملا بولمىسۇن، خىتاينىڭ بۇ شەرمەندە بوھتانىنى دۇنيا تېخى ئېتىراپ قىلمىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا مەتبۇئاتلار بۈگۈنگە قەدەر خىتايغا قارشى 600 پارچىگە يېقىن ماقالە ئېلان قىلدى. بېشى «ئامېرىكا ئاۋازى»، «ب ب س» دىن تارتىپ، ئاخىرى تەيۋەن مەركىزى رادىيو ئىستانسىسى، شياڭگاڭ رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئۇنلىغان

(داۋامى 32 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


# مۇناپىقنى دەۋزەخكە ئۇزات!

ئەر تېكىن

قىلماق بولساڭ ئەگەر سەن غازات،
ۋەتەننى ھۆر، ئېلىڭنى ئازات،
ئاۋال، ئۇنتۇپ رەھىم - شەپقەتنى،
مۇناپىقنى دەۋزەخكە ئۇزات!

قىلغاچ ھامان مىللىتىڭگە قەست،
ئۇن خىتايدىن بىر مۇناپىق پەس!
رەھىم قىلما يەتمىش پۇشتىغا،
كۆرگەن يەردە كاللىسىنى كەس!

چېقىۋەتكىن ئۇرۇپ پۇتىنى.
يېرىۋەتكىن تىللاپ ئۆتىنى.
نىمە قىلساڭ ھالالدۇر ساڭا،
ئاياپ قويما ھەتتا كۆتىنى!

قىزى بولسا جالاپ ئەيلىگىن.
ئوغلىنى كۆت، خاراپ ئەيلىگىن.
دوست، قېرىنداش، پۇتكۇل قەۋمىنىڭ،
قانلىرىنى شاراپ ئەيلىگىن.

ياۋ پۇشتىغا راۋا ھەر نىمە،
ئۇۋال بولۇر، گۇناھسىز، دىمە.
گەر گۇناھى بولسا، ئۇ- ماڭا،
ئاخىرەتتىن ئەندىشە يىمە.

مۇناپىققا بېرىلگەن جازا،
رەسۇلغا خوپ، ئاللاھمۇ رىزا.
ئەسرارلىرى ھەمدە دۇشمەندۇر،
ئىشەنمىسەڭ شەرئىدە ئىزاھ.

خالى بولماي ۋەتەن ئاسىدىن،
ئەل قۇتۇلماس ياۋ بالاسىدىن.
نە ئازاپلار چەكمىدى مىللەت -
زىنتى پەس ئۇ دىل قاراسىدىن؟

دۇشمەنلىكى يەتەر، ئەمدى بەس!
بەرمە ھەرگىز بىر ئەركىن نەپەس.
جاھان بولسۇن ئاڭا تار قەپەز.
باسسۇن ھامان، ھەر قەدەمدە نەس.

تۈزەلگەندە بۇ رەزىل ئىللەت.
ئاسارەتتىن قۇتۇلار مىللەت!
دەرت - ئەلەملەر، خورلۇق ئېزەلمەس،
نىسىپ بولار كۈتكەن ھۆررىيەت!

خائىنلارنى ئاياش - جىنايەت!
ئۆز ئېلىڭغا قىلغان خىيانەت!
ۋىژدانىڭغا ھەمدە ھاقارەت!
ھەق كەچۇرمەس بەلكى قىيامەت!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان ژورنىلى

# مۇندەرىجە

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى غەلبىلىك چاقىرىلدى ...... 1
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەققىدە ........ 2
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ تىزىملىكى ........ 4
خىتاينىڭ بۇ سۇيىقەستى — ئۇيغۇر دېموكراتىك ھەرىكىتىنى تۇنجۇقتۇرۇشنى مەقسەد قىلغان ........ مەمەت توختى 5
خىتاي ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ تېررورىست ئەيىپلىمىسىگە رەددىيە ........ دولقۇن ئەيسا 6

خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «تېررورىست» باياناتى مۇناسىۋىتى بىلەن:
ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىنى زىيارەت ........ 9
دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنى زىيارەت ........ 12

يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم! ........ ئىزچىمەن 18
قاراقول ........ ئەرك تېكىن 22
پەيغەمبەرلەر مۆجىزىلىرى ........ 33
ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرى ........ 36
ئەسلى تېررورىست خىتايلار ........ مەمەت ھېبىبۇللا 38
مۇناپىقنى دەۋزەخكە ئۇزات ........ ئەرتېكىن 40

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەكرەم ھېزىم
مۇھەررىرلەر:
شۆھرەت ھوشۇر
ئابدۇجېلىل توران
بىلگە تېكىن
كومپيۇتېردا:
مۇنەۋۋەر ئالىپ
مەرھابا تۇرسۇن
ئامىنە ئابدۇللاھ

ۋەكالەتچىلەر

ئامېرىكا: ئىلىيار شەمشىدىن
كانادا: مەمەت توختى
سەئۇدى ئەرەبىستان:
سىراجىدىن ھاجىم
تۈركىيە:
ئا. توران ، ئەركىن ئەمەت
بېلگىيە:
ئابدۇرېھىمجان، سەيدۇللام
گېرمانىيە:
مەمەت ھېبىبۇللا، ئىلھام نىياز
قىرغىزىستان: تۇرسۇنتاي
قازاقىستان: ئابدۇرېشت
شۋېتسىيە: بەختىيار توختى
ئەنگلىيە: ئەنۋەر
گوللاندىيە: نىغمەت
نورۋېگىيە: زۆھرەم مەمەت

Wetinim Hör, Millitim Aman Bolt

Irtibat: Abducelil Turan
Yeni Dogan Mh. 41. Sok. No: 7/4
Tel/Fax: 0212 679 03 70
Baski, Cilt: Bayrak Matbaacilik
Istanbul _ Turkiye

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

